مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLK LITERATURE



美拉斯 MIRAS

# ميراس

2
2004

ISSN 1004-3829
04

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلارنىڭ چابخالتىسى

# مراس

قوش ئايلىق ژۇرنال
2004 ـ يىل 2 ـ سان

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

ستېنا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيىسى ........................ ستېنا (ئامېرىكا) (1)

## ئەينەك

ئالدانماڭلار ........................... نۇشرۋان يائۇشېۋ (رۇسىيە) (18)
ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار.................................... بۇرھان (20)

## بۇرۇننىڭ بۇرنىدا

رودۇپاي .................................زۇنۇن قادىرى (25)

## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا نازارەت قىلىنىدىغان بولدى .............. (29)
سىياسىي گۈدەكلىك كېسىلى ........................................ (32)
ئۇلار دېھقان بولغاچقا ............................................... (34)
قاراڭلار بۇ سەتچىلىكنى ........................................... (36)
غەم ـ قايغۇنىڭ مەنبەسى ........................................... (38)
بىرى سىزگە ياردەم قىلىدۇ ........................................ (40)

## مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن

قەشقەر روھى ................................................ (42)



(ئومۇمىي 82 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
تەھرىرات باشلىقى:
**بەختىيار باھاۋۇدۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:
**ئەسقەر مەخسۇت**

«مراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004－ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جاي-لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شە-ھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىل-گەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرد-ىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-بىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىس-ىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

编辑: « 美拉斯 » 编辑部　主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层)　电话: 4554017　印刷: 新疆日报社印务中心　发行: 乌鲁木齐邮局　订阅: 全国各地邮局　国内统一刊号: CN65－1130/I　国外统一刊号: ISSN1004－3829　邮编: 830001　代号: 58－60　定价: 5.00元

#### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

سېھىرگەرلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە كېلىپ چىقىشى ......... ئەنۋەر سەمەد (46)
قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە - زارى ............. چ. ئايتماتوف. م.چاقانوف (54)

#### دۇنياغا نەزەر

تورونتودىكى «ئانا تىل ئۆگىتىش جېڭى» ........................... (60)
ئادالەت ................................................................... (63)
جاپا - مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ ................ ئادىل مىجىت (غەمخانە) (66)

#### گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئۈچ مەسەل ................................................................ (65)

#### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

قەشقەرگە سەپەر .................. ئالبېرت. فون. لېكوك (گېرمانىيە) (69)

#### كۈلكە —جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ................................................................. (76)

#### نورۇزلۇق سالام

مەرھابا نورۇز ............................................................ (77)

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى،

جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيوف (1989—1930)

**ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە تەھرىراتىمىزدىكى مۇھەررىرلەردىن نورۇزلۇق سالام!**



# ستېنا خانىمنىڭ تەبئىي تەربىيىسى

MIRAS

بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ئەگرىنىڭ بىر مىللەت، بىر گۈزەل ۋەتەندىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇلارغا بولغان قىزغىن سۆيگۈسىنىڭ يارقىن بەلگىسى. بالىلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئاتا ـ ئانىلار قولىدىكى ئامانىتىدۇر. بىراق، بۇ شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئامانەتتۇركى، ئۇ ھەرقانداق قىممەتلىك ئالتۇن ـ جاۋاھىراتلاردىن گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك بولۇپلا قالماي، تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇنى ياخشى ساقلىماي، ياخشى تەربىيە ئەتمەي، بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئازغۇنلۇق كوچىسىغا كىرىپ كېتىپ، بۇزۇلۇپ، كېرەكسىز مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىشىگە يول قويۇش كەچۈرگىسىز جىنايەتتۇر. بۇ جىنايەتتىن ساقلىنىش بالىلارنى چۈشىنىش، ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. تارىختىكى ھەر بۈيۈك ئىمپېرىيە ۋە قەھرىمان مىللەتلەرنىڭ ھەم دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ ھالاك بولۇشى تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«پەقەت ئادەملەرلا ئۆز بالىسىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرىدۇ، ھايۋانلار ھەرگىز مۇنداق قىلمايدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى رىملىق ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلغانلىقىدىن ھالاك بولغان».

«بالىنىڭ قەلبى ئاجايىپ بىر زېمىن، ئىدىيە ئۇرۇقى چېچىلسا، ھەرىكەت ھوسۇلى ئالغىلى بولىدۇ؛ ھەرىكەت ئۇرۇقى چېچىلسا، ئادەت ھوسۇلى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئادەت ئۇرۇقى چېچىلسا، ئەخلاق ـ پەزىلەت ھوسۇلى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۇرۇقى چېچىلسا، تەقدىر ھوسۇلى ئالغىلى بولىدۇ. ستېنا خانىمنىڭ تەربىيە تەجرىبىلىرى مىليونلىغان ئائىلىنىڭ ئۆمۈرلۈك بايلىقىغا ئايلىنىشى كېرەك».

دوكتور باررى (ئامېرىكا)

*«ستېپا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيىسى» ناملىق كىتاب ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان قۇرۇق نەزەرىيىلەردىن خالىي بولغان، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئاجايىپ يۇقىرى كىتاب. بۇ كىتاب شۇنداق ئاددىي، ئەمما ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:*

*تەربىيىدىن تۇپراق گۆھەر بولىدۇ،*
*ناۋ ئىچرە مۈشكى ئەسفەر بولىدۇ.*
*قىممەتسىز بىر قارا تۆمۈرنى ئىسكىر،*
*تەربىيە ئەيلىگەچ ساپ زەر بولىدۇ.*

*ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! «ستېپا خانىمنىڭ تەبىئىي تەربىيىسى» ناملىق بۇ بىباھا كىتاب «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يات ئاردا كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندۇ. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.*

## مەن بالا تۈپەيلىدىن شۆھرەت قازاندىم

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

1907 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت ئىچى دۇنيا تىللىرى يىغىنى نيۇ ـ يوركتا ئېچىلدى. يىغىندا مېنىڭ بەش ياشلىق قىزىم ۋىنىفرېت 70 ياشتىن ئاشقان مەشھۇر تىلشۇناس، پروفېسسور ماكاروسكى بىلەن دۇنيا تىلىدا سۆزلىشىپ، جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پروفېسسور ماكاروسكى ۋىنىفرېتنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا تەھسىن ئېيتىپ، مەندىن قىزىمنى تەربىيىلەشكە دائىر ئەھۋاللارنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ تەربىيە ئىدىيىسىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پروفېسسور ماكاروسكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ماڭا مۇشۇلارنى بىر كىتاب قىلىپ يېزىڭ، بۇ تېخىمۇ كۆپ بالىنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق، دېدى. گەرچە مەندىمۇ شۇنداق ئوي بولغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىم ئەمدىلا بەش ياشقا كىردى، بۇ تېخى مېنىڭ تەربىيە ئىدىيەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەس، دەپ ئويلاپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا ئالدىرىمىغانىدىم. كېيىن، ۋىنىفرېت بارا ـ بارا چوڭ بولدى ھەمدە ھەرقايسى تەرەپتە ئالاھىدە نەتىجە قازاندى. مۇشۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنىڭ توغرىلىقى، ئۆزگىچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ كىتابنى ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا پروفېسسورى، دوكتور ئۇشىئانىڭ نەسىھىتى بىلەن 1914 ـ يىلى يېزىشنى باشلىدىم.

مەن سىلەرگە تەربىيە ئۇسۇلۇم ھەمدە قىزىم ۋىنىفرېتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال دوكتور كارل ۋىتېرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ تەربىيە ئىدىيىسى مېنىڭ تەربىيە نەزەرىيەمنىڭ جېنى دېيىشكە بولىدۇ.

مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا «كارل ۋىتېرنىڭ بالا تەربىيىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدىم، ماڭا ئۇنىڭدىكى تەربىيە قارىشى ۋە تەربىيە ئۇسۇلى قاتتىق تەسىر قىلغان. بولۇپمۇ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان دەسلەپكى چاغلاردىكى تەربىيە توغرىسىدىكى مۇپەسسەل نەزەرىيە مېنى تامامەن قايىل قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغلى كارل ۋىتېرنى تەربىيىلەشتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەممە ئادەم تەھسىن ئېيتقان، شۇندىلا مەن ناۋادا پەرزەنتلىك بولسام، بالامنى جەزمەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەيمەن، دەپ ئويلىغان. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل تەربىيە ئىدىيىسى توغرا. مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، مېنىڭ قىزىمنى تەربىيىلەشتىكى مۇۋەپپەقىيەت نۇرغۇن تەرەپتە ئاشۇ كىتابنىڭ تەسىرىدىن بولدى. ئەمما كارل ۋىتېر يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئادەم، ئۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ ناھايىتى زور پەرقى بار، مەن قىزىمنى تەربىيىلەشتە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىدىيىلەرنى قوشتۇم، شۇڭا بەزى ئوخشىمايدىغان تەرەپلەرمۇ بار.

ۋىنىفرېت ئۈچ ياش چېغىدا شېئىر ۋە نەسر يازالايدىغان، تۆت ياشتا دۇنيا تىلى بىلەن سەھنە ئەسىرى يازالايدىغان بولدى. بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر ۋە نەسرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بىر قىسمى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى، ئۇ بەش ياش چېغىدىلا سەككىز دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ھەر خىل تىللارنى دۇنيا تىلىغا تەرجىمە قىلالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ستامفورد ئۇنىۋېر-

2004.2

ستېپىننىڭ رومانس تىلى پروفېسسورى، دوكتور گاللارد ۋىننفرېت تەرجىمە قىلغان بىر شېئىرلار توپلىمىغا مۇنداق باھا بەرگەنىدى: «تىلشۇناس ھەم شائىر بولغان ئادەملا شېئىر توپلىمىنى مانا مۇشۇنداق ياخشى تەرجىمە قىلالايدۇ. ھالبۇكى، ئاڭلىسام تەرجىمان بەش ياشلىق بىر قىز ئىكەن، بۇ ھال ئادەمنى قالتىس ھاياجانلاندۇرىدۇ». شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ۋىننفرېت باشقا تەرەپلەردىمۇ، مەسىلەن، ماتېماتىكا، فىزىكا، تەنتەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ باشقا بالىلارنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

بەزىلەر ۋىننفرېتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تامامەن ئۇنىڭ تالانتىدىن كەلگەن، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە. چۈنكى بۇ قاراشتا مېنىڭ تەربىيە ئىدىيەم ئىنكار قىلىنىپلا قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئىنكار قىلىنغان.

مەن بۇ كىتابىمدا ۋىننفرېتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ تەربىيە ئىدىيىسىنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىمكانقەدەر، كىچىكلا چۈشەنگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىمنى تولۇق بايان قىلىشقا تىرىشتىم. مەسىلىلەرنى تېتىقسىز نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، جانلىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈردۈم. چۈنكى پەقەت ئەمەلىيەتلا مەلۇم ئىشنىڭ چىنلىقى ۋە مۇۋاپىقلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

بۇ كىتابىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشىغا تەشنا ئاتا ـ ئانىلار ھەمدە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا مۇئەييەن ياردەم قىلىشىنى خالايمەن. مەن سىلەرنىڭ مېنىڭ بىر داڭلىق قىزنى تەربىيىلىگەنلىكىم توپەيلى شۆھرەت قازانغانلىقىمنى بىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

م. س. ستېنا

1914 ـ يىل 12 ـ ئاي

## بىرىنچى باب

### رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

مەن ۋىننفرېت تېخى تۇغۇلمىغان چاغدىلا ئۇنى قانداق تەربىيىلەشنى ئويلاشقا باشلىغانىدىم. ئۇنىڭ قورسىقىمدىكى ھەر بىر تەۋرىنىشىنى سەزگەن چېغىمدا، ئۇ قورسىقىمغا ھەر بىر تەپكەندە، مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى قىياپىتىنى ئويلايتتىم. مەن شۇ چاغدىن باشلاپلا جەزمەن ياخشى ئانا بولۇش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

پەقەت ئادەملەرلا ئۆز بالىسىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرىدۇ، ھايۋانلار ھەرگىز مۇنداق قىلمايدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى رىملىق ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلغانلىقىدىن ھالاك بولغان.

تەربىيە مەكتەپتە مۇئەللىملەردىن ئەمەس، بەلكى ئائىلىدە ئانىلاردىن باشلىنىشى كېرەك. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئانىلار بىلەن مۇئەللىملەر جەزمەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، بالىلارغا بىرلىكتە تەربىيە بېرىشى كېرەك.

ئوخشاش بىر روھ ئىككى تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئانىنىڭ ئارزۇسى قورساقتىكى تۆرەلمىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئانىنىڭ ئارزۇسى، ئىرادىسى، قورقۇنۇشى ھەمدە روھىي جەھەتتىكى ئازابلىرىنىڭ تۆرەلمىگە بولغان قاتتىق تەسىرى ئانىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بالا تەربىيىلەشتە، ئىشنى ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئانىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك.

### مەن ھامىلدار بولغاندىن باشلاپ لاياقەتلىك ئانا بولۇشقا تەييارلاندىم

مەن ھەر نۆۋەت ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ تەرجىمىھالى ياكى ئەسلىمىلىرىنى كۆرگەندە تولىمۇ ھاياجانلىناتتىم. چۈنكى ئادەمنى ھەسرەتكە چۆكتۈرىدىغان ھادىسىلەر دائىم دېگۈدەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە يۈز بەرگەن: ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يارىماس بولۇپ چىققان، ئاشۇ بالىلارنىڭ نەتىجىلىرى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ناھايىتىمۇ پەرقلىق، ھەتتا ئەكسىچە بولغان. نېمە ئۈچۈن؟ ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇلۇغلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يارىماسلاردىن بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ ئاشۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ كېتىپ، خوتۇنى ۋە بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارىغانلىقىدىن بولغان، خالاس.

مەن بىر ئانا، ئۆز كەچۈرمىشىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇش ـ بولالماسلىقى تامامەن ئانىنىڭ تەربىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.

نۇرغۇن ئانىدا بالا تەربىيىلەشكە دائىر بىلىم كەمچىل.



شۇڭا مەن جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئانىلار ئارىسىدا بالا تەربىيىلەش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ ھېسابلايمەن. گەرچە بۇ قوي يىتكەندىن كېيىن قوتاننى ئوڭشىغاندەك ئىش بولسىمۇ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. مېنىڭچە، قىزلارغا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا جىسمى مۇكەممەل، روھى پاك بولۇش، لاياقەتلىك ئانا بولۇشقا تەييارلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. چۈنكى ئانىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە ئەخلاققا ئائىت بىلىملىرى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە قارىغاندىمۇ مۇھىم. دەرۋەقە ئاسترونومىيە ۋە فىزىكىنى تەتقىق قىلىش قىزىقارلىق، ئەمما ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، مۇنەۋۋەر ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيىلەشكە دائىر بىلىم تېخىمۇ مۇھىم.

نۇرغۇن ئانا تۆرەلمە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ. بالىنى كۆرمىگەن ئەھۋالدا، ئۇلار ھەممىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك دەپ قارايدۇ، بۇ بىر خىل تامامەن خاتا قاراش.

فىزىئولوگلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئانىنىڭ ئۇزۇقلىنىشى تۆرەلمىنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئانا ساغلام بالا تۇغۇش ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەرقانداق بىر ئانا بوۋاققا ھاراق ئىچۈرمەيدۇ، تاماكا چەكتۈرمەيدۇ، ھەزىم بولۇشى تەس ئوزۇق يېگۈزمەيدۇ، ئەپسۇسكى نۇرغۇن ئانا تۆرەلمىگە ئاشۇ زىيانلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ، يەنى نۇرغۇن ئانا ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئىچىدۇ، چېكىدۇ، يەيدۇ.

مەن ھامىلدارلىق مەزگىلىمدە، تېخى تۆرەلمىگەن ئاپپىقىمنىڭ كەلگۈسىدە گۈزەللىكنى، ئادالەتنى، ھەقىقەتنى، دىيانەتنى سۆيىدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش، ياخشى ئىشلارنى ئويلاش، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم ھەمدە ئېرىم بىلەن دائىم بىللە سىرتلارغا چىقىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلاندىم، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلدىم. مېنىڭچە، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزۈمنى دائىم ياخشى پىسخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھالەتتە ساقلىيالايتتىم، ساغلام، مۇنەۋۋەر بالا تۇغالايتتىم.

مېنىڭچە، بىر ساغلام بالىنى تۇغۇشنىڭلا ھېچقانچە قىممىتى بولمايدۇ، مۇنداق ساغلاملىقنى بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش، ئەڭ ياخشىسى، بالىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەربىيىلەش كېرەك.

ئانام ماڭا بۇرۇنلا ئايال كىشى بالا تۇغمىسا تۇرمۇشنىڭ بەختى ۋە قىممىتىنى ھېس قىلالمايدۇ، دېگەنىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ماڭا ئېسىمدە چىڭ تۇتقىنىكى، ئانا بولغان ئادەم ئويلاپ يەتمىگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىققىمۇ يولۇقىدۇ، دېگەنىدى. مەن بۇ يەردە ئاشۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بەل باغلىمىغان ئاياللارغا ئەڭ ياخشىسى بالا تۇغماڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى ئانا باش چۆكۈرۈپ بالا تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېرىنىڭ ھالىدىنمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىشى كېرەك. ئەر ياخشى كۈتۈلمىسە، ئۇ سىرتقا قاراپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئائىلە بۇزۇلىدۇ. شۇڭا ئانىنىڭ خىزمىتى يەڭگىل ئەمەس. پات ئارىدا ئانا بولغۇچى ئايال ئۆزى ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى ھەمدە

ئۇنىڭغا باتۇرانە يۈزلىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ لاياقەتلىك ئانا بولالايدۇ.

بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئانا بالا تەربىيىلەشكە ئادەم ياللايدۇ. مەن ئەزەلدىن مۇنداق ئايال لاياقەتلىك ئانا ئەمەس، دەپ قارايمەن. ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىنى بۇ ئالەمگە تۇغۇپ قويۇشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى تەربىيىلەش. ئانىنىڭ خىزمىتىنى باشقىلار ئىشلىسە بولمايدۇ، بالا تەربىيىلەشنى جەزمەن ئانا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆز بالىسىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرىدىغان ئىشنى پەقەت ئادەملەرلا قىلىدۇ، ھايۋانلار ھەرگىز قىلمايدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى رىملىق ئانىلار بالا تەربىيىلەشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى باشقىلارغا تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان.

بىز ئەڭ ئاددىيسى، ئات مىنگەندە ھەرگىز لاياقەتسىز ئاتچىنى ياللىمايمىز. ئەمما بەزى ئانىلار بالىلىرىنى ئېلىپنىڭ سۇنۇقنى بىلمەيدىغان ئىنىك ئانىغا تاپشۇرىدۇ. مۇنداق ئىنىكئانىلارنىڭ بالىلارغا كۈن بويى دەيدىغىنى بۇنى قىلما، ئۇنى قىلما دېگەندىنلا ئىبارەت. چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆزى ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلىدۇ.

مەن ۋىنىفرېت تېخى تۇغۇلماستىنلا دوستۇم ئانانانى يوقلاپ بارغانىدىم. ئۇ ئۈچ ياشلىق ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئىدى. مەن ئانانانىڭ بالا تەربىيىلەشتە چوقۇم مول تەجرىبىسى بار دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆرۈپلا ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم، ھەتتا ئادەم ئۈچۈن ئانا بولۇش ئىشەنچەمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ ئوغلى كۈن بويى بىر خىل غېرىب، مىسكىن ھالدا گومۇشتەك گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرىدىكەن. مەن بەكلا ئەجەبلەندىم، ئۈچ ياشلىق ئوغۇل دېگەن جانلىق، تېتىك بولۇشى كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك بولۇپ قالدۇ؟

كېيىن بىلدىمكى، ئانانا بالىسى تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئىنىكئانىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىنىكئانا ساۋاتسىز، قىلچە تەربىيە كۆرمىگەنىكەن. بالىنى گەپ ئاڭلايدىغان، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئىنىكئانا ئۇنىڭغا دائىم قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەيدىكەن، بالىنى دائىم «ئەگەر سەن ۋاڭ ـ چۇڭ قىلساڭ، ئالۋاستى كېلىپ تۇتۇۋالىدۇ» دەپ قورقىتىدىكەن ھەم ئۆزى پات ـ پاتلا ئالۋاستى سياقىغا كىرىپ بالىنى قورقىتىدىكەن. ۋاي تۇۋا، مۇنداق ئىنىكئانا بالىنى قانداقمۇ ياخشى تەربىيىلىسۇن؟! مەن بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، ئانانانى قىلچە تۈزۈت قىلماي ئەيىبلىدىم، چۈنكى ئۇ ئانا تۇرۇپ بەكلا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان. مەن ئۇنىڭغا ئىنىكئانىنى بوشىتىۋېتىش تەكلىپىنى بەردىم.

بالىنى ئاددىي ھالدىلا باشقىلارغا تاپشۇرغاندا بالىنىڭ ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ ئىقتىدارنى بارغانچە سولاشتۇرۇپ قۇرۇتۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلار ئاشۇ ئىنىك ئانىلاردىن ھەر خىل يامان ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزى باياشاتراق ئائىلىلەردە ئانا ـ بالىنى كۈتۈشتە ھەممىلا ئىشقا قول تەگمەي، بەزى ۋەزىپىلەرنى ئىنىكئانىغا تاپشۇرسا بولىدۇ، بىراق جەزمەن ئەستايىدىل ئويلاش كېرەك. شۇنداقتىمۇ بالىنى تەربىيىلەشتە، ئانا كۆپ قىسىم مەسئۇلىيەتنى، ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى، مەسىلەن، تاماقنى يېگۈزۈشى، يۇيۇندۇرۇشى، كىيىم كىيدۈرۈشى كېرەك.

مېنىڭچە، ئانا ۋە ئىنىكئانىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئىنتايىن مۇھىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىمۇ بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىنىكئانا تاللىغاندا، مىجەزى ئوچۇق، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئايالنى تاللاش كېرەك. ئانىمۇ ئۆز تۇرمۇشىدا ئىمكانىنىڭ بارىچە خۇشال ھالەتنى ئىپادىلىشى لازىم.

مەن سۆيۈملۈك پەرىشتەم يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئىلگىرىلا ئۆيى ئىچىنى ناھايىتى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇردۇم. مۇشۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، تۇرمۇشۇمنىڭ شادلىققا تولغانلىقىنى، ساپ ھاۋا ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگىلى؛ ئىككىنچىدىن، ئاپئاق قوزام دۇنياغا تۆرۈلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسەتكىلى بولاتتى. مەن ئەگەر قىزىم گۈزەل مۇھىتتا ياشىسا، ھەردەم ـ ھەر دەقىقە ئاشۇ گۈزەللىك سۆيىدە سۇغۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مەن ھامىلدارلىق مەزگىلىمدىلا دائىم دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بىر خىل ئادەتنى شەكىللەندۈردۈم، مېنىڭچە مۇنداق كەيپىيات تېخى تۇغۇلمىغان بالىغا ئۈن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تەسەۋۋۇر پەيدا قىلغان ئېسىل ئەسلىمە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرىدۇ، بەخت

ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. مېنىڭ كۆڭۈل قويۇپ مۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت بالىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر يات ئارىدىلا ئانا بولىدىغان ئاياللار مەندىن بالا تەربىيىلەشنىڭ مەخپىي ئەپ ـ ئامالىنى سورىسا، مەن ھامان ئالدى بىلەن مۇشۇ تەجرىبىنى تونۇشتۇرىمەن.

مەن ۋىنىفرېت ئۈچۈن تاللىغان ئۆي ئائىلىمىزدىكى ئەڭ ياخشى، كۈنگەي تەرەپتىكى ئۆي بولۇپ، ھاۋاسى ساپ ئىدى، كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇراتتى. تامنىڭ رەڭگى ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بوز رەڭدە ئىدى، مۇنداق رەڭ بالىنىڭ كۆزىنىڭ ماسلىششىغا پايدىلىق ئىدى. كارىۋات ئاق رەڭلىك، ئەديال، يوتقانمۇ ئاق رەڭلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يۇمشاق ھەم يېنىك يوتقان، ئەديال تەييارلىدىم، بۇلار ئۇنىڭغا يەڭگىللىك ۋە ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. تامغا ھەر خىل داڭلىق رەسىملەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ئاستىم، ھەتتا تام مەش ۋە شىرەلەرگىمۇ داڭلىق ھەيكەللەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى تىزدىم. بۇ نەرسىلەر ھەم ئەرزان، ھەم نەپىس، چىرايلىق ئىدى. مەن بالام ھەر كۈنى كۆزىنى ئاچقاندا گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرسۇن، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپلا قالماي، ئاڭسىز ھالدا بولسىمۇ كىچىكىدىنلا گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەۋىسى يېتىلدۇرسۇن، دەپ ئويلاتتىم.

مەيلى ئۆز تۇرمۇشىمىزدىن ياكى كىتابلاردىن بولسۇن، ئانىلارنىڭ بالا تەربىيىلىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. يىراق شەرقتىكى جۇڭگو ئەڭ بۇرۇن مەكتەپ ئاچقان دۆلەت، ئەمما ھازىر ئۇلار مەدەنىيلىكتە ئارقىدا قالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەن جەزملەشتۈرىمەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاياللار تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىدىن. بۇرۇن ئەمەس، ھەتتا ھازىرمۇ جۇڭگولۇقلار يوشۇرۇن ئېڭىدا ئاياللار تەربىيىلەنمەسلىكى كېرەك دەپ قارايدۇ، شۇڭا جۇڭگولۇق ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، ئۇلار ھەتتا ئاساسلىق ئائىلە تەربىيىسىنىمۇ ئەزەلدىن ئىلمىي يولغا قويغان ئەمەس.

مېنىڭچە، ھەممە ئادەم تەربىيىچى بولۇشى، ھېچبولمىغاندىمۇ بارلىق ئانا تەربىيىچى بولۇشى كېرەك، تەربىيە مەكتەپتە مۇئەللىملەردىن ئەمەس، ئائىلىدە ئانىلاردىن باشلىنىشى كېرەك. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئانىلار بىلەن مۇئەللىملەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلىشى كېرەك.

يېقىندىن بۇيان بارلىق نەرسىلەر بارغانچە چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ چاكىنىلىششى ئەسەبىي دەرىجىگە يەتتى، گۈزەللىك بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن بەزىدە بۇنىڭدىن بەك ئازابلىنىمەن. ئاشۇ دۆت ـ كالۋا ئاتا ـ ئانىلار، بولۇپمۇ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ بارغانچە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان زوق ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكىنى يوق. ئەۋلادلارنىڭ مۇنەۋۋەر، ئالىيجاناب زوق ـ ھەۋەسلىك ئادەملەرگە ئايلىنىشى ئۈچۈن، مەن ياش ئانىلارنى ئىشنى دەرھال ئائىلىدىن باشلاڭلار، بالىلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئالىيجاناب ئادەم بولۇڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەن.

فروئېبېل ① مۇنداق دېگەنىدى: «ئەل ـ ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدا دېگەندىن كۆرە ئانىلارنىڭ قولىدا، دېگەن تۈزۈك. شۇڭا بىز جەزمەن تىرىشىپ ئانىلار—ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيىچىلىرىنى ئويغىتىشىمىز كېرەك». بىراق تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلار بەكمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ. ئەل ـ ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغىنى ئانىنىڭ تەربىيىسى، ئەمما مېنىڭ ھەر كۈنى گېزىتلەردىن ۋە رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن كۆرۈپ، ئاڭلاۋاتقىنىم سان ـ ساناقسىز چۈشكۈن ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تۈرمىلەر ۋە تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا كىرگۈزۈۋاتقانلىقىدۇر.

## لاياقەتسىز ئانا قانداق بولىدۇ؟

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ھەر خىل تەلەپ قويىدۇ، بۇنى قىل، ئۇنى قىلما، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ، ئەمما ئىشنى ئۆزىدىن باشلىمايدۇ. مۇنداق ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىيەلمەيدۇ. بالا تەربىيىلەشنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىدە، مەن مۇنداق بىر قائىدىنى چوڭقۇر چۈشەندىم: بالا—ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆلەڭگىسى. بالا

ھەرقانداق ياخشىلىق ــ يامانلىقنى ئاتا ــ ئانىدىن ئۆگىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئاتا ــ ئانا بالىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم. بىراق مېنىڭ ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئاتا ــ ئانا بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلمايدۇ. گەرچە ئۇلار بىلىپ ــ بىلمەيلا باللىرىغا يوقالماس تەسىرلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسلىي ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش ئەمەس. ئەمما پاكىت بەربىر پاكىت، بالىنى ياخشى تەرەپكە باشلىماسلىق مەغلۇبىيەتتۇر.

بەزى ئانا غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق، ھەتتا ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسخىرە نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ناھايىتى ھۆرۈن، كىيىم ــ كېچەكنى تۈزۈك ئوڭشاپمۇ كىيمەيدۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مازاققا قالىدۇ. باللار ئاتا ــ ئانىلىرىنىڭ باشقا باللار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە بەكلا ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداقلا بولۇپ قالماستىن، ھەتتا بۇ ئىش بالىغا روھىي جەھەتتە ناھايىتى يامان تەسىر قىلىدۇ.

مەن بىر ئانىنى تونۇيمەن، ئۇ قىزىغا بەكلا ئامراق. ئۇ ئۆزى يېمەي، ئىچمەي، كىيمەي پۇل تېجەپ، قىزىغا قىممەت باھالىق ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرىدۇ، ئۇنى گۈزەل ياساندۇرىدۇ، ھەتتا كىيىم ــ كېچەكلەر ئۇ قىزنىڭ ياش ــ قۇرامىغا توغرا كەلمەيمۇ قالىدۇ. ئەمما ئۇ شۇنچە كۆيۈمچانلىق قىلغىنى بىلەن، قىز ئانىسىنى قىلچە ياقتۇرمايدۇ.

بىر كۈنى ئۇ قىز بىزنىڭ ئۆيدە ماڭا مۇنداق دېدى: «ئانام ئاشۇنداق ئالا ــ بۇلىماچ كىيىملەرنى كىيىپ، مەكتەپكە مېنى ئالغىلى كەلسە، مەن بەك ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىمەن. مېنى تېخىمۇ بىزار قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ مېنىمۇ ئاشۇنداق ياساندۇرىدۇ، ساۋاقداشلىرىم دائىم ئارقامدىن مەسخىرە قىلىدۇ. ئانام تۆت يېشىمدىن تارتىپ ئاشۇنداق قىلغاچقا، مەن تولىمۇ ئازابلىنىمەن». مېنىڭچە، ئانا ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. بەلكىم بەزىلەر ئاشۇ قىزنى رەھىمسىزكەن دەپ ئېيىتار، ئەمما مەن ئۇ قىزنى چۈشىنىمەن. گەرچە ئۇ ئانا قىزنى ئېسىلزادىلەر پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، مېنىڭچە ئۇ بىر ئانىنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان.

مەن شۇنداق ھېس قىلىپ كەلمەكتىمەنكى، ئانا ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا ئوبدانراق ئويلىنىشى، بالىنىڭ كۆزنىگە، ھەم چېچىلاڭغۇ، ھەم پەردازخور كۆرۈنۈپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا ئانىنىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نوپۇزنىڭ تۆۋەنلىشى بولسا، بالا تەربىيىلەشتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

مەيلى بالا ياكى چوڭ ئادەم بولسۇن، بۇنى قىل، ئۇنى قىلما دەپ بۇيرۇق بېرىلسە، ئۇلاردا بىزارلىق تۇغۇلىدۇ. شۇڭا مەن قىزىم ۋىنفرېتنى تەربىيىلەشتە ھامان بىر خىل ئەپچىل چارە قوللىنىپ، ئۇنى قىل، بۇنى قىلما دېمەي، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ئۇنىڭ ئۆز مەيلىگە قويدۇم. شۇڭا ئۇ قىل دېمىسەممۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىدىغان، قىلما دېمىسەممۇ قىلمايدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بولدى. مېنىڭچە، بالىنى بۇيرۇق بىلەن ئۆگىنىشكە زورلاشنىڭ پايدىسى يوق. مۇنداق قىلغاندا، ئۇنۇم ھامان كۆزلىگەننىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. گەرچە ئانىنىڭ مەقسىتى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما نەتىجە ياخشى نەيەتنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بالىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغاندىن كۆرە، بالىنى ئۆگىنىشكە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلىگەن تۈزۈك.



www.uyghurkitap.com



دوستۇم لاۋرا دائىم دېگۈدەك نامەلۇم بىر خىل بىئارام-لىق ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ يۈرەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى قىلانە كەيپىياتقا چۆكۈپ قالدۇ، پات-پاتلا ماڭا دەردلىرىنى تۆكىدۇ، چۈنكى ئۇ قىزى جېنىنى تەربىيىلەشتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئانا-بالا ئۆزئارا قارشىلىشىشتەك ئازابقا قالغان.

لاۋرا بىر نەچچە ئاي تىرىشتى، قىزى جېنىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى قېلىپلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى. چۈنكى جېنى مەكتەپكە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆگىنىش ۋاقتىنى قىلچە ئورۇنلاشتۇرالمىغانىدى. جېنىنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇشقا، ئويۇن ئويناشقا سەرپ قىلىشى ھەمدە دائىم دېگۈدەك بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش پىلانىنى ئورۇندىيالماسلىقى، شۇ تۇيەيلى ۋاقتىدا ئۇخلاپ، ۋاقتىدا ئورۇندىن تۇرالماسلىقى لاۋرانىڭ بېشىنى بەكلا ئاغرىتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن لاۋرا ئاغزىنى كۆپ ئۇپرىتىپ، ۋاقتى چىقسىلا قىزى بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇنىڭغا ئويۇنقېپىلىقنىڭ يامانلىقىنى، قانغۇدەك ئۇخلىماسلىقنىڭ ساغلاملىق ۋە ئۆگىنىشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆرسەتكەن. مۇنداق سۆھبەتلەر كۆپ بولغاچقا، سۆھبەتتە دېيىلىدىغان گەپلەر جېنىغا ياد بولۇپ كەتكەن. لاۋرا ئېغىز ئېچىشى بىلەن قىزى ئۇنى دوراپ، جۈملىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتكەن: «شۇنداق، ئويۇنغا بېرىلىش ۋاقتنى ئىسراپ قىلغانلىق... شۇنداق، قانغۇدەك ئۇخلىماسلىق بەدەننىڭ نورمال يېتىلىشىگە زىيانلىق. شۇنداقلا ئۇ يامان خاراكتېرلىك ئادەتنى شەكىللەندۈرىدۇ...» مۇنداق ئەھۋالدا ئانا يەنە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان. لاۋرا قىزىغا ئويۇن ئويناش ۋە مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئىش مۇشۇنداق تەكرارلىنىۋەرگەچكە، جېنى ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈشكەن، ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغان.

لاۋرا بىر ئاز يەڭگىللىگەن. ئۇ بېجىرىدىغان مۇھىم ئىش بولغاچقا، جېنىغا مەكتەپتىن يانغاندا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بىر ئايال غوجىدارنى ياللىغان. بارا-بارا جېنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇخلىمايدىغان، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە سىرتتا چۆرگىلەپ يۈرۈپ، ئۆيگە كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالغان. لاۋرا گەپ قىلىپ تۇرسا بىر ئاز ياخشى بولغان. بىر كۈنى لاۋرا ئۆيگە بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، جېنىنىڭ ئۆيدە ئويۇنچۇق ئويناۋاتقانلىقىنى، دەرس تەكرارلىمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

—جېنى! — دەپ توۋلاپتۇ لاۋرا قىزىغا مىختەك قادىلىپ.

جېنى دەرھاللا ئويۇنچۇقنى يىغىشتۇرۇپ، كۆلۈمسىرەپ، تەمكىن ھالدا:

—مەن بىر سائەت دەرس تەكرارلىدىم، ئەمدىلا ئارام ئالاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ. ئايال غوجىدارمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ:

—راست، ھازىرلا ئولتۇرغان، يىگىرمە مىنۇتلا ئويناي دېگەن، — دەپتۇ.

لاۋرا گەپ قىلماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆپكىسىنىڭ ئاغزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. «شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولدى، كۆپ سۆزلىدىم، نازارەت قىلدىم، ئەمما قىزىم يامان ئادەتنى ئۆزگەرتمىدى، دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — قىزىم بۇنىڭدىكى قائىدىلەرنى بىلىدۇ، بىراق يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، ئۆزىنى تۇتالمىسا، چوڭ بولغاندا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ قىزىم نېمىشقا مۇنداق يارىماس چىقىپ قالىدۇ؟ مۇشۇ قىزىمنىڭ ساۋاقدىشى لورېننا نېمىدېگەن ئوماق قىز! ئۇ ئۆزىنى تۇتالايدۇ، ئۈمىدۋار، جۇشقۇن، ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدۇ، ئۆگىنىشتىمۇ ئەلاچى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىزى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيدىكەن ...»

خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدا چۆرگىلەپ، خۇددى قار يومىلاقتەك بارغانچە يوغىناپتۇ. ئۇ قورساق كۆپۈكىنى قانداق چىقىرىۋېلىشنى بىلەلمەپتۇ.

—جېنى، كۆڭلۈمگە بەكلا ئازار بەردىڭ، سەن ماڭا، ئاناڭغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟ بۇنداق قىلىشىڭنىڭ ئۆزۈڭگە قانداق تەسىرى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، — يوق؟ بولدى، چۈشەندۈرمە، سۆزۈمنى ئاڭلا، — دەپتۇ ئۇ ۋە قىزىنىڭ گەپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىشىگە يول قويماپتۇ، — ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشۈڭنى ئاڭلىغۇم يوق. سەن مېنى ئۈمىدسىزلەندۈردۈڭ، مېنىڭ مۇنداق قىلىشىمنىڭ تامامەن سېنى ياخشى بولسۇن دېگەنلىكىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن، — يوق؟

—ئۇنداق بولسا مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دەپتۇ جېنى.

—نېمە؟ ـ لاۋرانىڭ كۆزى چەكچىيىپ، ئاۋازى يۇقىرىلاپتۇ. بۇ چاغدا جېنىنىڭ كۆزىدە قورقۇش پەيدا بولۇپتۇ، ئۇ چېكىنىش يولى ئىزدەپتۇ. ـ كارىڭ بولمىسۇن!؟ بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، ئەلۋەتتە كارىم بولىدۇ. سېنى باشقۇرىمەن، سەن خانەڭگە قايتىپ ئوبدان ئويلان، يەنە...، ـ شۇ چاغ ئۇنىڭ ئېسىگە قىزىنىڭ شەنبە كۈنى دوستى كاتېرىنىنانىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقى كەپتۇ. ـ شەنبە كۈنى كاتېرىنىنانىڭكىگە بارمايسەن.

—نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ ۋارقىراپتۇ جېنى، غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ قەددىنى تالدەك پۈكۈۋېتىپتۇ. ـ بارىمەن، جەزمەن بارىمەن، سەن بەك ئەسكى ئانىكەنسەن.

قىزىنىڭ غەزەپلەنگەن ھالىنى كۆرگەن ئانا بىئارام بوپتۇ. ئۇنىڭغا قىزىنىڭ ئاشۇ پۇرسەتتە دوستلىرى بىلەن جەم بولۇشقا نەقەدەر تەقەززا ئىكەنلىكى ئايان ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭدىكى غەزەپ ۋە غۇرۇر ئۇنىڭ «بۇيرۇق»نى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ.

—بۇ پۇرسەتنى ئۆزۈڭ بىكار قىلدىڭ.

—قانداقچە؟ بۇنىڭ ئويۇنچۇق ئويناش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بارىمەن دېدىم، بارىمەن، قېنى قانداق قىلالايسەنكىن!ـ دەپتۇ قىز قەھرى بىلەن. ئۇنىڭ ئاشۇ قەپەسىدىن قۇتۇلماقچى بولغان ھايۋاندەك ھالىتى لاۋرا كۆرۈشنى ئەڭ خالىمايدىغان ھالەت ئىكەن.

—دەرھال توختاپ قال، بولمىسا غەزىپىمنى باسالماي قالىمەن.

—غەزىپىڭ ئۆرلەپ بولدى، مېنىڭ ھالىتىم مۇشۇ، قانداق؟!

لاۋرا قىزىنىڭ دۈمبىسىگە ئىككى شاپىلاق سايتۇ.

قىزى يىغلىغىنىچە ئۆز خانىسىگە ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ ئىككى شاپىلاق بىلەن لاۋرانىڭ قورسىقى بوشاپتۇ، بىراق بىر خىل ئىچكى ئازابقا قاپتۇ، ئۇنىڭدا مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى پەيدا بوپتۇ.

بىر ياندا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرغان غوجدار ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىۋېتىپ:

— لاۋرا، قىزىڭىز بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئوينىمىغان، بۈگۈنمۇ راستىنلا ئاۋۋال دەرس تەكرارلىغان، ئاندىن بىر ئاز ئويناي دەپ ئۆتۈنگەن. مېنىڭچە، جېنى تەلەپلىرىڭىزگە بەكلا ھۆرمەت قىلغان، ـ دەپتۇ.

مەن بۇ يەردە لاۋرا قىزىنى يەنىمۇ بەكرەك جازالىشى كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلماقچى ئەمەسمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم لاۋرانىڭ قىزىنىڭ ئۆز بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەن چاغدىكى پسىخىك ھەرىكىتى. ئۆزى يوق چاغدا ئويۇنچۇق ئوينىغان قىزىنى كۆرگەندە، لاۋرا ئالدى بىلەن شۇنچە كۆپ خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىنمۇ، قىزىنىڭ ئۆزى قويغان تەلەپلەرگە سەل قارىغانلىقىنى ئويلىغان ـ دە، ئانا بولماقنىڭ جاپاسى ۋە ئۆزى ئۇچراۋاتقان ئۇۋالچىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە سەلدەك يىغىلغان. ئۇ ياخشى ئۇخلىماسلىقنىڭ قىزىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا بولىدىغان تەسىرىنى ئويلىغان، شۇنداقلا قىزىنىڭ بۇرۇن قىلغان ئۆز كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ـ بىرلەپ پەيدا بولغان.

مېنىڭچە، لاۋرانىڭ كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا كۆز ئالدىدىكى مۇھىتقا سۆرەپ كىرىشتەك بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بەكلا بىئاقىلانىلىكتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى تەڭداشسىز يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە غەزەپلىنىش تەبىئىي ھالدا لاۋرانىڭ ئاشۇ ئىشقا قارىتا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. غەزەپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن لاۋرا ھەر قانداق ئوبيېكتىپ، سوغۇققان، ئاقىلانە بولۇشتەك ئۇسۇللاردىن ۋاز كەچكەن، ھەتتا قىزنى باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشنىلا ئويلاپ، قىزىغا ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش ئامالىنى ئىزلىگەن، بۇ يەردە ئۆچ ئېلىش غەرىزىمۇ رول ئوينىغان. ئۆزىنى غەزەپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ بېرىش دۆتلۇكتۇر. ئەگەر مۇنداق ئىش ئائىلىنىڭ سىرتىدا يۈز بەرسە، دەرۋەقە ئۇنىڭدا نۇرغۇن پايدا ـ زىيان بار بولغان بولىدۇ، ئادەم ئۆزىنى قارامىلىق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئەمما ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بولغان ئەھۋالدا بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ مېھرىبانلىقىمىزنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ۋە بىپەرۋالىق قىلىشىمىزنىڭ بالىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولغان زىيىنىنى ئويلىساق ئىدۇق، لاۋرا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى.

توغرا، ئۆز بالىسىغا كۆيۈنمەيدىغان ئانا لاياقەتسىز

uyghurkitap.com



ئانا بولىدۇ. ئەمما زىيادە ئامراقلىق قىلىدىغان، تامامەن بالىنىڭ رايىغا باقىدىغان ياكى قوپال، قارام، تۈزۈك ئويلانمايلا ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىدىغان ئانىمۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بالىسىغا كۆڭلىدە ھەرقانچە كۆيۈنگىنى بىلەنمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە، تامامەن لاياقەتسىز ئانىدۇر.

### پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى

قىزىم ۋىنىفرېت تۇرەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ دائىم ئويلايدىغىنىم، قانداق قىلسام قىزىمنى يارامـلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيمەن دېگەن مەسىلە بولدى. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئۆزۈمنىڭ لاياقەتلىك ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىيەلمەي قېلىشىم ئىدى. پەرزەنتلىك بولۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىنىڭ تاللىشى، ئۇ پەرزەنتنىڭ تاللىشى ئەمەس، ئۇنىڭ قانداق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولۇشى تەقدىردە بەلگىلەنگەن. ئەمما ئاتا ـ ئانا ئۆز ئورنىدا قانداق قىلغاندا مۇستەھكەم ئولتۇرۇپ، پەرزەنتنىڭ ئۈمۈرلۈك ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؟

پەرزەنتنى بىز تاپقان، بىز تەربىيىلەيمىز، ئاتا ـ ئانا پەرزەنت ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆپ باش قاتۇرىدۇ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا ئاتا ـ ئانا ھەقلىق يوسۇندا پەرزەنتنىڭ ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرىگە ئېرىشەلەمدۇ ـ يوق؟ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا مەن ساڭا چىن يۈرەكتىن كۆيۈنگەن ئىكەنمەن، سەن بۇنى بىلىشىڭ كېرەك، مەن خالىساملا سېنىڭ بويسۇنۇشۇڭنى تەلەپ قىلالايمەن، دەپ ئويلايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، پەرزەنتلەردە ئاتا ـ ئانىغا تۇغما ھۆرمەت بولىدۇ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەۋر ئۆزگىرىدۇ، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى نەرسىلەر ئۆزگىرىدۇ، نۇرغۇن ئىش ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتىدۇ. بۈگۈنكى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟

مەن قىزىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا، ئۇنىڭدىن مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلسام، ئادەتتە ھېچقانداق چاتاق چىقمايدىكەن. ئەمما چوڭايغانسېرى ھەقلىق يوسۇندا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلسام، تازا ئاقمايدىكەن، ھەتتا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك كۆرۈلىدىكەن. بەزى ئاتا ـ ئانا تولىمۇ ئازاب بىلەن: «مەن بالامغا جان ـ جېنىم بىلەن كۆيۈندۇم، ئەمما نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئۇ ماڭا قىلچە ھۆرمەت قىلمىدى، ھەتتا مېنى بىزار قىلدىلىق دېدى، گەپلىرىمگە پەرۋا قىلمىدى» دەيدۇ. تەڭرىمگە رەھمەت، ھەر نېمە بولسا ۋىنىفرېت ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلمىدىم. مېنىڭچە، ھەممە ئىش، ھەممە نەرسە بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، سەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇمۇ ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانىدىكى بالىدىن رەھمەت ـ تەشەككۈر كۈتىدىغان روھىي ھالەت باللار بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان بىرىنچى سەۋەب. ئاتا ـ ئانا بولۇش شەرەپلىك ھەم تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىش، ئەگەر بۇ ئىشقا سەممىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلمىسا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ «ۋاپادارلىقى»غا ئېرىشمەك بەك مۇشكۈل. تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى، بىر ئائىلىنى دائىم «مەن ساڭا نېمە بەردىم...»، «سەن جەزمەن ماڭا جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ كېرەك» دېگەندەك ھاۋا ئوراپ تۇرسا، بۇنى قانداقمۇ بىر ئائىلە دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ ۋاڭ ـ چۇڭلۇق بازارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاشۇنداق مۇھىتتا، قانداقمۇ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى تىلغا ئالغىلى بولسۇن! شۇنداق ئىكەن، پەرزەنت قانداقمۇ ساغلام ئۆسەلىسۇن؟

تۇرمۇشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان، كەسپىنى قەدىرلەپ ئائىلىنى سۆيگەن، ياخشى ئادەتلىك ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئاتا ـ ئانا بالىدىن سۆز ـ ھەرىكەتتە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، بالىنىڭ «سېنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭمۇ شۇنداققۇ» دېگەندەك بىر ئېغىز سۆزى ئاتا ـ ئانىسىنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا، مەن ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىدە، ئاچقۇچ ئاتا ـ ئانىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتتىكى ئۈلگىسى، دەپ قارايمەن. تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلار بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىيالىشى، بالىنى ئۆز نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلالىشى مۇمكىن. ئەمما تازا تەربىيە كۆرمىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالا ئۆزىنىڭ پىكىرىنى كولىغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، «سەن

ئاتا-ئانىڭغىمۇ شۇنداق گەپنى قىلامسەن؟ بىئەدەپ! چوڭلار شۇنداق قىلسا بولىدۇ، بالىلار ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ؟» دېگەندەك قارىماققا يوللۇق، ئەمما بىئاقىلانە سۆزلەرنى قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق مۇھىتتا، بالىلار باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، بەختتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنداق تەنبىھ بېرىشنى بەزىلەر يوللۇق، مەن ساڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغانىكەنمەن، سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقىمۇ ھوقۇقلۇق، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق قاراش تولىمۇ كۈلكىلىك. چوڭلار جەزمەن بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى كېرەكمۇ؟ ياشتا چوڭلار ياكى ئورنى سەل يۇقىرىلار جەزمەن ياشلار ياكى ئورنى تۆۋەنرەكلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى كېرەكمۇ؟ بەزى چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ خالاش-خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا ئۆزىدىن چوڭلار ياكى ئورنى يۇقىرىراقلارغا پايدا-مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن مۇنداق قاراشنى ھەرگىزمۇ بالىلارغا تەتبىقلىماسلىق كېرەك. ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدىغان ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىلار ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. مېنىڭچە، ئۇستازلىق سالاپىتى بىلەن بالىلارنى خوپ-خوپ دەپ تۇرۇشقا مەجبۇرلاش ئۆزىنى خورلايدىغان ئۇسۇلدۇر. چوڭلارنىڭ بالىنى جىم تۇرغۇزالايدىغان ئامالى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما بالىنىڭ قەلبىدىكى نارازىلىق بارا-بارا ئۆچمەنلىك ۋە كەمسىتىشكە ئايلىنىدۇ.

مېنىڭچە، ئاتا-ئانا بالىغا سىلىق-سىپايە روھىي ھالەتتە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىز مۇشۇ قائىدىنى ھەقىقىي قوبۇل قىلساق، بالىدىن ھۆرمەت قىلمىدى، دەپ ئاغرىنمايمىز، بەلكى ئالدى بىلەن ئۆز ھەرىكىتىمىزنىڭ بالىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى-ئۆزى تەكشۈرۈش بالىغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى تەربىيە بولىدۇ.

مەن ۋىنىفرېتنى تەربىيىلەش داۋامىدا، ئۇنىڭغا زادىلا نوپۇزلۇق ئەرباب سۈپىتىدە ئۇنى قىل، بۇنى قىلما، دەپ بۇيرۇق قىلغان ئەمەسمەن، شۇنداقلا ئۆزۈمنى يۇقىرىدا تۇتۇپ، ئۇنى-بۇنى تەلەپ قىلغانمۇ ئەمەسمەن. قەتئىي ئىشىنىمەنكى، مەن ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويالىسام، ئۇ جەزمەن مەندىن ئۆگىنىدۇ. مېنىڭچە، ھەرىكەت ۋەز-نەسىھەتتىنمۇ قۇدرەتلىك.

قىزىم ئىككى-ئۈچ ياشلاردىكى چاغدا بەك كەپسىز ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى بۇزۇۋېتىپلا قالماي، يەنە مېنىڭ خىزمەتلىرىمگە كاشىلا بولاتتى. بۇ بالا ئاشۇنداق ياشتىكى چاغدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال، ئۇ ھەرقانداق ئىشقا قىزىقاتتى، ھەرقانداق نەرسىنى تۇتۇپ بېقىشنى ئويلايتتى.

بىر نۆۋەت مەن يوق چاغدا، ۋىنىفرېت مېنىڭ كۈتۈپخانامغا كىرىپ، بەلكىم قىزىقىشتىن ياكى قىلىقسىزلىقتىن بولسا كېرەك، مېنىڭ تېخى پۈتمىگەن ماقالەمنى چېچىۋېتىپتۇ، رەتلەنگەن تەرتىپ تامامەن بۇزۇلۇپتۇ.

مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سوغۇق تەرزدە قاراپ قويدۇم، ئۇنى شۇ ھامانلا ئەيىبلىمىدىم-دە، ئۆزۈم ئۇلارنى بىر ۋاراق-بىر ۋاراقتىن تەردىم ھەمدە قايتا رەتلىدىم. شۇ چاغدا ۋىنىفرېت يېنىمدا ئىدى، مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمگە جىممىدە قاراپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭدا ماڭا ياردەملىشىش خىيالى يوقتەك ئىدى. مەن ماقالىنى رەتلەپ بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ۋىنىفرېت مەندىن ئۇنىڭ خانىسىغا چىقىپ چېچىلىپ كەتكەن ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن ئۇنىڭ خانىسىغا كىرسەم ئويۇنچۇقلار ھەممە ياقتا چېچىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ كارىۋات ياپقۇچىنىمۇ پەگاھقا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، بىر نەچچە ئويۇنچۇقنى چۇۋۇۋېتىپتۇ.

مەن گەپ-سۆز قىلماي ئۇنىڭ خانىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.

—ئاپا، سەن ماڭا يىغىشتۇرۇپ بەرمەمسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ.

—شۇنداق. نېمىشقا مەن يىغىشتۇرۇپ بەرگۈدەكمەن؟

—ئادەتتە دائىم سەن يىغىشتۇرۇپ بېرەتتىڭغۇ؟!— دېدى قىزىم چۈشىنەلمىگەندەك.

—ئەمما بۈگۈن ماقالەمنى چېچىۋېتىپسەن، ئۇنى ماڭا كىم يىغىشتۇرۇپ بەردى؟

—...؟— قىزىم ماڭا يەنىلا چۈشىنەلمىگەندەك

www.uyghurkitap.com





قارىدى.

—ۋىنىفرېت، سەن ماقالەمنىڭ قانداقلارچە چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

—مەن چېچىۋەتكەن.

—نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟

—ماقالە قەغەزلىرىنى چاچسا قىزىق بولىدىكەن.

—شۇنداقمۇ؟ ئۇلار ئويۇنچۇقمۇ؟

—...؟ ـ قىزىم مەقسىتىمنى چۈشەنمىدى.

—سەن ئويلاپ كۆرە قىزىم، نەرسىلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىۋەتمەك بەك ئوڭاي، ئەمما ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ رەتلىمەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. مانا بۇ نېمە ئۈچۈن سەن ئوينىغاندا مېنىڭ ياردىمىمنىڭ كېرەك بولمايدىغانلىقى، يىغىشتۇرغاندا بولسا ياردىمىمنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىدىكى سەۋەب. ھالبۇكى، ماقالە بولسا مېنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ مەھسۇلى، سەن ئۇنى خالىغانچە بۇزسالڭ بولامدۇ؟

— ئانا، كەچۈرۈڭ، ـ قىزىم بېشىنى ئەگدى، ـ مەن خاتا قىپتىمەن، ئەمدى سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىزگە تەگمەيمەن.

ۋىنىفرېت شۇنداق دەپ ئىشىكنى يېنىككىنە يېپىپ ئۆز خانىسىگە كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىردى. ئەسلىدە ئۇ ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى يىغىشتۇرغان، ئۆينى رەتلىگەنىكەن. گەرچە يىغىشتۇرۇشى سەل مالىمانراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز قولى بىلەن يىغىشتۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئوبدانلا تەسىرلەندىم، چۈنكى مېنىڭ كىچىككىنە قىزىم سەبىي قەلبىدە مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىنىفرېت مېنىڭ نەرسىلىرىمگە زادىلا چېقىلمىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزى يىغىشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

## ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ئانا بولۇش ئىقتىدارىڭىزدىن گۇمانلانماڭ

راستىنى دېسەم، ئاشۇ ئوماق قىزىم يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچماستىلا مەن ئۇنى قانداق تەربىيىلەش توغرىسىدا ئويلىنىشنى باشلىغانىدىم. ئۇ قورسىقىمدا ھەر قېتىم تەۋرىگەندە، ھەر نۆۋەت قورسىقىمغا تەپكەندە، مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالاتتىم. مەن ئاشۇ چاغدىن تارتىپلا جەزمەن ياخشى ئانا بولۇش ئىستىگە كەلگەن ھەمدە پات ئارىدىلا ئانا بولىدىغان ئايالنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم.

يېڭىلا تۇغۇلغان قىزىمغا قارىغاندا، مەن ئۇنى قانداق سۆيسەم ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالدىم. مەن ئالەمدىكى بارلىق ئانىدا تۇغۇلۇۋاتقان پەرزەنتىنى كۆرگەندە مۇشۇنداق ھالدا بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن دۇنيادا بىرەر غايىۋى، كۆڭۈلدىكىدەك ئانا بولۇشنىڭ ئۇسۇل، ئەندىزى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم، ئەگەر بار بولسا، مېنىڭ دەرھاللا شۇنداقلارنىڭ بىرى بولغۇم كەلگەندى.

قانداق ئانا غايىۋى، كۆڭۈلدىكىدەك مۇنەۋۋەر ئانا بولىدۇ؟ مېنىڭچە، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك، مەسئۇلىيەتچان ئانا غايىۋى، كۆڭۈلدىكىدەك ئانا بولىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىق بالىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، بالىنى تەربىيىلەشكە دائىر تەجرىبىلەر ۋە بىلىملەرنى ئىزدەش ۋە ئۆگىنىش، بالىنى تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ پوزىتسىيىسى ئارقىلىق بالىغا تەسىر كۆرسىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئانا ئەبەدىي تەمكىن، ئەبەدىي مۇلايىم بولىدۇ، بالىغا چىن مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، بالىنى باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئەبەدىي بىلگەن، يېتەرلىك ۋاقتىنى ئەبەدىي بالىغا سەرپ قىلالايدىغان، بالىغا ئەبەدىي ئۈمىدۋارلىق، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن قارايدىغان، بالىنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئەبەدىي بىلگەن بولىدۇ. مەن بالىنىڭ پات ئارىدا تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمدا، كۆڭلۈمدە ئەنە شۇنداق بىر ياخشى ئانىنىڭ پورترېتىنى سىزىپ چىققانىدىم.

ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئانىغا ئايلىنىش بەكمۇ قىيىن. بۇنى مەن ۋىنىفرېتنى تۇغقاندىن كېيىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىۋاتقان قىزىمنى كۆرگەندە، مەن پات ـ پاتلا باشقا ئانىلار مەندىن ياخشىراق قىلىۋاتقاندۇ، دەپ پەرەز قىلاتتىم. بىراق مەن غايىدىكىدەك مۇكەممەللىكنى ئورۇندىيالايدىغان ئانىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم، ئۇلارنىڭمۇ يەنىلا ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇ-

ۋاتقانلىقىنى، يەنىلا تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل سىناقلىرىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ يەنىلا نۇقسانلىرى بارلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما مەن يەنىلا تېخىمۇ ياخشىراق ئىشلەشكە، مۇكەممەل ئانىغا يېقىنلىششقا ئىمكانىنىڭ بارىچە تىرىشتىم.

دوستۇم ئىبرېننا بويتاق ئانا بولۇپ، تۇرمۇش يۈكى ئۇنى ھالسىزلاندۇرغان، نىكاھ جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق-لار ئۇنى روھسىزلاندۇرغانىدى. ئۇ مەن ئىشلارنى ياخشى بىرتەرەپ قىلالمىدىم، دەپ قاراپ ئىبرىدىن ئاجراشقان، قىزىنىڭ خۇشال كۈلكىسىلا ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللى ئىدى. قىزى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولدى، بىراق كۈن-دىن ـ كۈنگە خۇشالراق بولالمىدى، ئەكسىچە جىمغۇر بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى ئۆيگە قايتقاندا يىگانە ھالدا مۇڭلىناتتى، دوستلىرى بىلەنمۇ باردى ـ كەلدى قىلمايتتى.

ئىبرېننا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى، ئەمما قىزى ھېچ ئىش بولغىنى يوق دەيتتى، كۆپ سۆز-لەشنى خالىمايتتى. مۇئەللىم قىزىنىڭ بىر ئىنشاسىنى ئېلىپ كەلگەندىلا، ئۇ ئاندىن ئازراق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى. ئىنشادا، ئۇنىڭ قىزى ئۆزىنى ـ ئۆزى كەمسىتىدىغان، كە-شىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان، كاللىسى ياخشى ئىشلىمەيدى-غان، شۇڭا تۇرمۇشى بەختسىز بولۇپ قالغان بىر قىزنى تەسۋىرلىگەنىدى.

مۇئەللىم ئىبرېنناغا ئىنشادا قىزىڭىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، سىز قى-زىڭىز بىلەن ئوبدان سۆزلىشىپ بېقىڭ، دېگەن. ئىبرېننا ئىنشانى كۆرۈپ ئۇزاق ئويلانغان، ئۇ ئىنشادىن ئۆزىنى كۆرگەندەك بولغان، ئۆزىنىڭ ئادەتتە ئۆزىگە ئۆزى ئې-چىنىدىغان ۋە خاپا بولىدىغانلىقى، جۇشقۇنراق كەيپىياتتا بولىدىغان چاغلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، مۇنداق ھالەتنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان قىزىنىڭمۇ يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى ئەسكە ئالغان.

ئىبرېننا ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قىزىدىكى چۈش-كۈنلۈك ۋە پاسسىپلىقنى پەيدا قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئۆز-گەرتكەندىلا قىزىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ئىلھام بېرەلەيدىغان ئامال ـ چارىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ قىزىغا ئۆز پە-لاننى سۆزلەپ بېرىپ، قىزىدىن ئۆزىنى نازارەت قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئەتىسى ئۆزى قىلىدىغان كونكرېت ئىشلارنى، مەسىلەن، چۈشلۈك تاماقتا ئىشداش-لار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ ئارقىلىق بارا ـ بارا ئۆزۈمدىكى يەككە ـ غېرىبلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش دېگەندەكلەرنى يېزىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغان. ئەتىسى ئەتىگەندە قىزى بۇنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەن، بۇ ئۇنىڭغا بىر ئاگاھلان-دۇرۇش بولغان، ئۇلار كەچلىك تاماق ۋاقتىدا بىرلىكتە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. دەسلەپتە قىز ئاناھ-دىن چاتاق چىقتىمۇ قانداق، دەپ گۇمانلانغان، ئەمما ئانىسىنىڭ بۇ ئىشلارنى قەتئىي بوشاشماستىن داۋاملاشتۇ-رۇۋاتقانلىقى، پوزىتسىيىسىنىڭ ئاكتىپ، ئەستايىدىل ئى-كەنلىكىنى كۆرۈپ بەكلا تەسىرلەنگەن. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئۇلار بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى مۇھاكىمە قىلغان، قىز ئانىسىغا بەزى تەكلىپلەرنى بېرىشكە باشلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئىبرېننانىڭ شىرەدىكى باغاقچىسى يېنىغا قىزىنىڭ باغاقچىسى قوشۇلغان، ئانا بىلەن قىز ئۆزئارا نازارەتنى باشلىغان. بەزىدە ئۇلار باغاقچىغا بۇرۇن يې-زىلغان ئىشلارنى قايتا قىلغان، چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ئىش-لارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ تاپقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

ئاخىرىدا ئۇنىڭ قىزى چۈشكۈنلۈك كەيپىياتىدىن قۇ-تۇلغان، ئىبرېننامۇ خۇددى يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك روھلانغان.

مېنىڭچە، ئانا بولغۇچى چۈشىنىشى كېرەككى، بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا ئەبەدىيگە ئۆزگەرمەيدىغان يې-تەرلىك ماھارەت ۋە بىلىم بولمايدۇ. چۈنكى دائىم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنەۋۋەر ئانا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئۆز نوقسانلىرىنى تۈزىتىپ بېرىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى مۇ-كەممەللەشتۈرىدۇ. بۇ ھالەت تاكى بالا چوڭ بولۇپ جەمئىيەتكە قەدەم باسقىچە داۋاملىشىدۇ.

قىزىمنى تەربىيىلەش ۋە ئۇنى چوڭ قىلىش داۋامىدا، مەن پات ـ پاتلا ئۆزۈمدىن مۇنداق سوراپ تۇردۇم: مەن بىر ياخشى ئانىمۇ؟

مەن ئەلەم ئىچىدە قىزىمنى بىرنەچچىنى ئۇرغان، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىغان، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ تەنبىھ قىلغان، كېيىن ئۇنىڭغا ئۇۋال

قىلغانلىقىمنى بايقىغان، ئۇنى ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلىشقا زورلىغان، نەتىجىدە ئۆز تونۇشۇمنىڭ خاتالىقىنى تونۇغان... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرگەن چاغلاردا، بۇلار مېنىڭ ئۆزۈمنى ئەيىبلەش تۇيغۇمنى قوزغاتقان، ھەتتا بەزىدە مەن ئۆزۈمنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتىمدىن گۇمانلانغان. مەن مۇشۇنداق چاغلاردا يۈرىكىمنىڭ ئېچىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ئازابلانغان.

بىر نۆۋەت مەن قىزىمغا ئاچچىقلاندىم، بەلكىم ئۇ ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ماڭا نارازىلىق ۋە قارشىلىق بىلدۈردى:

—مىلىنىڭ ئانىسى ھەرگىز سىزدەك ئاچچىقلانمايدۇ، ئۇ مىلىغا دائىم مۇلايىملىق بىلەن قائىدە سۆزلەيدۇ، —دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ماڭا ھەم مېنىڭ تۇرقۇمنى دورىدى.

قىزىمنىڭ ئىپادىسى ۋە سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، مېنىڭ ئانىلىق غۇرۇرۇم زەخمە يېدى، مەن ئۆزۈمنىڭ بالامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىلىگۈدەك ئىقتىدارىم بار-يوقلۇقىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. كاللامدا مۇنداق سۈرەت پەيدا بولدى: مەن جان-جەھلىم بىلەن، ھارغان-چارچىغىنىمغا قارىماي قىزىمنى توغرا يولغا باشلىماقچى بولۇۋاتىمەن، بىراق ئۈنۈملۈك چارە تاپالماي، تاپقىنىم قارشىلىق بولدى؛ قوشنام مىلىنىڭ ئانىسى بولسا تەمكىنلىك، كەسكىنلىك بىلەن ۋەزىيەتنى كونترول قىلغان، بالىسىنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى تەرتىپلىك ئىزغا سالغان.

بارا-بارا ئۆزۈمدىن ئۈمىدسىزلەندىم، ئۆزۈمدىن غەزەپلەندىم، ئۆزۈمنى ئىقتىدارسىز ۋە رەھىمسىز ھېس قىلدىم، ھەتتا قىزىم مەندەك ئىقتىدارسىز ئانىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ گۇمانلاندىم.

ئەتىسى مەن مىلىنىڭ ئانىسىغا يولۇقتۇم. ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتقان ھالدا قىزىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. مەن بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە تەۋرىنىۋاتقان ئىشەنچەمنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ياخشى تەكلىپ ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلاتتىم، مىلىنىڭ ئانىسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى ماڭا زور تەسەللى بولدى:

—ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمەڭ. بالىلار بىر-بىرىدىن ئانىچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، بىز ئانىلارمۇ شۇنداق. مەن پەقەت قىزىمىزنىڭ ئالدىدا زادىلا ئاچچىقلانمىدىم، خالاس. ئويلاپ كۆرۈڭە، مېنىڭ ئىككى بالام بار، ئۇلارنى ئوخشاشلا كۆتۈشۈم كېرەك، مېنىڭ دائىملا سىلىق-سىپايە بولالىشىم مۇمكىنمۇ؟

مىلىنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى ماڭا زور تەسەللى بولدى، ئىشەنچەممۇ ئەسلىگە كەلدى. مېنىڭ بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىشىم ئۆزۈمنىڭ «قوپاللىق»نىغا ئىزاھات بېرىش ئۈچۈن، بالىلارغا ھەقلىق يوسۇندا ئاچچىقلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس. مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم، ياش ئانىلارغا ئاز-تولا ئىلھام بېرىش، ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاقىلانە بولمىغان ئىشنى قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئانا بولۇش سالاھىيىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭچە، ئۆزىمىز تىرىشساق، پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىساق، ياخشى ئانا بولالايمىز.

ئەمەلىيەتتە، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ۋىنفرېتقا ئاچچىقلانمايلا قالماستىن، بار-بارا بالىنى ئۈنۈملۈك تەربىيىلەشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇل-چارىسىنى ئىگىلىۋالدىم، بۇلارنى كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ تەربىيەم ئارقىلىق ۋىنفرېت بۈگۈنكى نەتىجىگە ئېرىشتى، مەن مانا بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، مەن ئۆزۈمنى بىر ياخشى ئانا، دەپ ئاتىيالايمەن.

**بالا تەربىيىلەشنىڭ ئاچقۇچى ئانىنىڭ ئىجادچانلىقىدا**

ۋىنفرېت ئۆگىنىشتە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، نۇرغۇنلار كېلىپ مەندىن بالا تەربىيىلەشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە مەسلىھەت سوراشتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر ياش ئانا ماڭا: «بەزىدە تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجە بەرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىمەن، بەزىدە بولسا يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەندەك ھېسقا كېلىمەن، خۇددى بارلىق تىرىشچانلىقىم ئاققان سۇدەك بىكارغا كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن بالىنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا بالا تەربىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابنى ئوقۇدۇم، بەزىسى ئۈنۈم بەردى، بەزىسى ئۈنۈم بەرمىدى، دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: —بالىنى سىز تۇغقان، ئۇنى سىز ئەڭ

ياخشى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بالا ئۈچۈن سىز بىر ئە-
جادچانلىقتا ئىگە ئانا بولۇشىڭىز كېرەك.ــــ دېدىم.
ـــ مېنىڭ پسىخولوگ دوستۇم ئىسپىننا جېكسى ماڭا
ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:
مەن پسىخولوگىيە دەرسلىكلىرىنى تاماملاپ ئىلمىي
ئۇنۋان ئالغاندىن كېيىن، مەسىلە بار ياشلار، ئۆسمۈرلەر
ئۈچۈن پسىخىكا ۋە تەربىيىدىن مەسلىھەت بېرىشكە باش-
لىدىم. بىر مەزگىللىك پراكتىكىدىن كېيىن، مەن تولۇق
ئىشەنچ بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم. مېنىڭ مەسلى-
ھەت بېرىش ئوبيېكتىم كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا ـ ئانىسى
باشلاپ كەلگەنلەر ئىدى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ كۆپ
سورايدىغىنى «نەچچە بالىڭىز بار» دېگەن سوئال ئىدى.
مەن «تېخى توي قىلمىدىم، بىرمۇ بالام يوق» دەپ جا-
ۋاب بېرەتتىم. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ
چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن
مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى بەكلا يۈزە بولۇپ قالاتتى،
چۈنكى ئاتا ـ ئانىلار مېنىڭ دىئاگنوزۇمغا زادىلا ئىشەن-
مەيتتى، مەن بەرگەن تەكلىپلەردىنمۇ بەكلا گۇمانلىناتتى.
بۇنىڭدىن ئاچچىقىم كېلەتتى، چۈنكى مەن شۇنچە كۆپ
ئالاقدار دەرسلەرنى ئوقۇدۇم، مەخسۇس كەسىپتە تەربى-
يىلەندىم، شۇنداق ھالدا كىشىلەر مېنى يەڭگىلتەكلىك بى-
لەن ئىنكار قىلسا، بۇ ناھەقچىلىق بولمامدۇ، دەپ قارايت-
تىم. كېيىن توي قىلدىم، باللىق بولدۇم. ئانا بولۇشتا
مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل ئىدى، كۆڭلۈمدە كۆپ يىللىق
كەسپىي جۇغلانمام ۋە بالىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىم
بىلەن يەنە ياخشى ئانا بولالمامدىمەن؟ دەپ ئويلايتتىم.
مەن بالام ئۈچۈن بىر يۈرۈش تەربىيە پىلانى تۈزۈپ
چىقتىم. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەت مېنى بەكلا ئوسال ھالغا
چۈشۈرۈپ قويدى. پىلاننى يولغا قويۇشقا زادىلا ئىمكان
بولمىغانلىقى ئۈياقتا تۇرسۇن، بالىنىڭ كۈندىلىك پائالى-
يەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ئۆزىلا رەسۋايىمنى
چىقىرىۋەتتى. بىرەر چاتاق چىقمىسىلا تەڭرىمگە يۈز مىڭ
شۈكۈر دەيدىغان بولدۇم. مەن كەسپىي بىلىملىرىمنىڭ
كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، كىتابخانىلارغا بېرىپ،
بالا تەربىيىلەش ئوقۇشلۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ، سې-
لىشتۇرۇپ كۆردۈم. شۇندىلا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ نېمە
ئۈچۈن تېخى ئانا بولۇپ باقمىغان مەسلىھەتچىنىڭ تەك-
لىپلىرىگە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەن-
دىم.
بۇلارلا ئەمەس، ئىسپىننا يەنە ماڭا بالىلارنى تەربى-
يىلەشكە ئائىت كۆرسەتمە خاراكتېرىدىكى قوللانمىلار
بولغاندىمۇ، ئادەم يەنىلا دائىم بالا تەربىيىلەشنىڭ تولىمۇ
تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن، دېدى.
ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن شۇنداق. بالىلار تەربىيىسىنى
تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن ئەستايىدىللىق بى-
لەن مەسلىھەت سورىسىڭىز، ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇز-
لۇقلىرى يەنىلا ئۆزى بىۋاستە بالا تەربىيىلىگەن ئادەم-
لەردۇر. مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بالا تەربىيىلەشكە دائىر
مۇشۇ كىتابنى يازالىشىمدىكى سەۋەبمۇ قىزىم ۋىنىفرېتنى
تەربىيىلەشتە تەجرىبەم بولغانلىقى ھەم مۇۋەپپەقىيەت قا-
زانغانلىقىمدۇر. بولمىسا مەن قولۇمغا ئاسانلىقچە قەلەم
ئالمىغان بولاتتىم، چۈنكى بۇنىڭدىكى قىيىنچىلىق ماڭا
بەش قولدەك ئايان. مەن ھۆرمەتلەيدىغان يەنە بەزى
ئادەملەرمۇ بار، بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۆز بالىلىرىنى
بېقىپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم يېتىم بالىلارنىمۇ بېقىۋال-
دۇ. مۇنداق مۇتەخەسسىسلەر، تەھقىقكى، بىر بۆلۈك كى-
تابىي بىلىمى بارلا ئالىملارغا قارىغاندا تېخىمۇ نوپۇزلۇق
بولىدۇ.
مېنىڭچە، بالا تەربىيىلەش بىر تۈرلۈك جىددىي ئىش،
مۇشەققەتلىك خىزمەت. ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز تىرىش-
چانلىقلىرىنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە پايدىلىق
تەسىر كۆرسىتىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ، بالىنى ھەر-
قانداق مۇمكىن بولىدىغان پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلماسلىق-
نى ئويلايدۇ. ئەمما ئەمەلىي ئىشلەش داۋامىدا، بۇنىڭ
تولىمۇ مۇشەققەتلىك، ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يەتكىلى
بولمايدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەقلىي،
ئەخلاقىي، قابىلىيەت جەھەتلەردە بالا ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك
پايدىلىق بولغان ياخشى ئاساس سېلىپ بېرىشتىلا ئەمەس،
ھەتتا بەزى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك
ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ بەزى ئاتا ـ ئانا ئامال ـ
چارە تاپالماي قالىدۇ. ھەتتا ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئا-
تا ـ ئانىلارمۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىدىن ئا-
دىشىپ، بالىلارغا تولىمۇ نادانلارچە، بىئاقىلانە ئۇسۇل
بىلەن مۇئامىلە قىلۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ ھەمدە ئىش ئۈ-

www.uyghurkitap.com

تۆپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە ئەقىلسىزلىقىدىن نومۇس قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەيدۇ. دېمەك، بالا تەربىيىلەش بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس.

مەن ۋىنىفرېتنى تەربىيىلەش داۋامىدا چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، كىتابىي بىلىملەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئانىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئاڭلىق ھالدا قوزغاپ، بالىنى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەش كېرەك.

يېقىندا مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىسپىننا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ھازىر نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك باللار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسگە ئايلانغان. ئۇ ۋىنىفرېتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىر نۆۋەت ئېرىم بىلەن بىللە بالىنى دالا تامىقى يېيىشكە ئېلىپ چىقتۇق. بىر خانىم ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا: «كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە مۇشۇنداق بىر ئەدەپلىك بالىڭىزغا بەكلا زوقۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئالدىڭىزغا كەلدىم. مەن سىزنى تونۇيمەن، چۈنكى مەن سىزنىڭ بالا تەربىيىلەش توغرىسىدىكى لېكسىيىڭىزنى ئاڭلىغان. سىز ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك ئانا ئىكەنسىز، سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن پاراڭلاشقاندىكى پوزىتسىيىڭىزنى كۆرۈپ، ئوغلىڭىزنىڭ ئىپادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ياخشى بولۇشىنى چۈشەندىم»، دېدى. بالىنىڭ ئالدىدىلا مۇنداق ھۆرمەت ـ ئىززەتنى قوبۇل قىلغاچقا، يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى. شۇ كۈنى بالامنىڭ ئىپادىسى ھەقىقەتەن ياخشى بولغانىدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ دائىملىق ھەرىكىتى ئەمەس ئىدى. مەن نۇرغۇن قېتىم چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا ۋاقىرىغان! ئەلۋەتتە، مەن ئوغلۇم كاتىپلدىن ھەقىقەتەن پەخىرلىنىمەن، چۈنكى ئۇ ئۆگىنىش مۇسابىقىلىرىدىكى ئاجايىپ نەتىجىلىرى بىلەن پات ـ پاتلا يەرلىك گېزىتلەرگە چىقىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، مانا مۇشۇ مۇنەۋۋەر ئوغۇل ماڭا سان ـ ساناقسىز دەرد كەلتۈرىدۇ، تالاش ـ تارتىش، يەنە كېلىپ پرىنسىپسىز ئىشلار ئۈچۈن تالاش ـ تارتىش قىلىش دېگەن دائىملىق ئىش. مېنىڭ ئەڭ چىداپ تۇرالمايدىغىنىم شۇكى، ئۇ مەيلى قەيەردىلا بولسۇن، ئۆي ئىچىنى دائىم مالىمان قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھالنى ھەر قېتىم كۆرگەندە غەزەپ ئوتى ئىچىدە كۆيۈپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي، ئۇنىڭغا «مەن ساڭا قانچە قېتىم ئېيتقان!» دەپ ۋارقىرايمەن. بىز پات ـ پاتلا مۇشۇنداق زىتلىشىپ قالىمىز. بەزىدە كاتىپل مەندەك ئانىسىغا ئۆچ بولۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كاتىپل دالا لاگېرىغا قاتناشقىلى كەتكەندىلا ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولدى. كاتىپلنىڭ ماڭا ئاچچىقى بولسا كېرەك، خېلى كۈنلەرگىچە خەت يازمىدى. ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرىدىم، ئاخىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئەپۇ سورىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغانلىقىمدەك خاتالىقىمنى ئىقرار قىلدىم ھەمدە خەتتە ئادەتتە ئېغىزدىن چىقىرىش ئەپسىز بولىدىغان بەزى ئوي ـ خىياللىرىمنى بىلدۈردۈم. ئۇزاق ئۆتمەي كاتىپلنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خەتتە: مېنىڭ بۇ يەردە ئەڭ سېغىنىش بىلەن ئەسلەيغىنىم ئاتام، ئانام؛ مەن ئانامنى چىن كۆڭلۈمدىن سۆيىمەن؛ ئانا، سىز مەندىن كەچۈرۈم سورىماڭ، خاتالىق ئەسلى مەندە، ئەسلىدە كەچۈرۈمنى مەن سىزدىن سورىسام بولىدۇ، دەپتۇ. بۇ خەتنى ئوقۇپ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى بىلمەيسىز. ھالبۇكى، كاتىپل ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بىز قايتا تالاش ـ تارتىش قىلمىدۇق.

مەن بۇ سۆھبەتتە، ھېلىقى خەتكە دىققەت قىلدىم. ئۇ خېتىدە ئوغلىغا ئادەتتە ئېغىزدىن چىقىرىش ئەپسىز بولغان ئوي ـ خىياللىرىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشكەن؛ ئۇنىڭ ئوغلىمۇ خېتىدە يۈزۈم تۆكۈلەرمىكىن، دەپ ئولتۇرماي، ئۆز خاتالىقىنى تۈزەتكەن. بۇ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى چارىسى.

مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانا بولۇش بىر ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش جەريانى. چۈنكى بالا ئۈزلۈكسىز چوڭ بولىدۇ، مەسىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەن قىزىم ۋىنىفرېتنى ئالسام، ئۇنىڭ قولىنى شۇمدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرسام، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇزۇۋېتىدىغان ئادىتىگە تاقابىل تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى؛ ئۇنى ئەمدىلەتىن ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا كۆندۈرگىنىمدە، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمغا

توغرا كەلدى، ئۇنىڭ خالىغاندا ئۆيدىن چىقىپ، يەككە-يېگانە ھەرىكەت قىلىشىدىن ئەنسىرىدىم. گويا مەسىلە ئەبەدىي تۈگىمەيدىغاندەك ئىدى.

مېنىڭچە، ئاتا-ئانا مۇنداق مەسىلىلەرنى خۇشاللىق بىلەن ھەل قىلىشى، ھەتتا ئۇنىڭ باش-ئاخىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەل قىلىشى كېرەك. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ئاتا-ئانىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدىغىنى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئۈنۈم بەرمەسلىكى، قىلىشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەنلىك بولىدۇ. بىر ئانا ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر كالۋا، دۆت ئىكەنمەن. نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالغاندىمەن؟ قىزىمغا نېمە ئۈچۈن تېخى بىرنەچچە ئايلىق بولغاندىلا ئۇخلاۋېرەمسەن دېگەندىمەن؟ ئەگەر سىز مېنىڭ سەمىمگە سالمىغان بولسىڭىز، مەن قىزىمغا ئۇخلاش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرەر ئىكەنمەن. ئەمدى كېچىكتىم». مەن ئۇنىڭغا: «راست كېچىكتىڭىزمۇ؟ مەسىلە ئۇنچە ئېغىر ئەمەستۇ؟ بەلكىم بىرنەچچە سائەت ئازراق ئۇخلاش بالىنىڭ كەلگۈسىگە ئېنىق تەسىر يەتكۈزمەس» دېدىم.

گەرچە شۇنداق دېگەن بولساممۇ، مەن يەنىلا ئاشۇ ئانىنىڭ پۇشايمىنىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى ئاشۇ بالا ئۇنىڭ بىردىنبىر بالىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ساغلاملىقىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى تۈپەيلىدىن قايتا پەرزەنت كۆرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئانا قىزىغا بارلىق مۇھەببەت، مېھىر-شەپقىتىنى سىڭدۈرگەن. بالا تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ئايلىق بولغاندىلا ئۇنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى چەكلىگەن، مۇنداق قىلىش بالىسىنىڭ سالامەتلىكى، چوڭ مېڭىسىنىڭ يېتىلىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالا يىغلاشقا ئامراق بولۇپ، ئۇخلاشنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئامال قىلىپ ئۇنى كۆپرەك ئۇخلىتىش، ئۇنىڭدا ئوبدان ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئەمما بۇ ئانا بالىسىنىڭ يىغلىشىغا چىداپ تۇرالماي، بالىسى يىغلىغان ھامان ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ پەپىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بالا ناھايىتى ئاز ئۇخلىغان. ئۇ بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە بالا ئۈچۈن ئۇخلاش ۋە ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزەي دېگەندە، بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ بۇنىڭدىن ئازابلانغان، شۇنچە تەييارلىق قىلىپ، شۇنچە كۆپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە مۇشۇنداق ھالقىلىق مەسىلىگە دىققەت قىلماپتىمەن، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن.

نۇرغۇن ئانا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەتمەيلا، بالىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ، ئەمما تونۇپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈنلا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بەزىدە ئانا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ بالىسىنىڭ مەلۇم بىر مەسىلىسىنى تۈزىتىدۇ. ئەمما ئۇسۇلى توغرا بولمىغانلىقى، تونۇشى خاتا بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئىش ئويلىغانىنىڭ ئەتۈرسىچە بولۇپ چىقىدۇ. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئۆز سەۋەنلىكى تۈپەيلى پۇشايمانغا قالغان ئانىلار كۆپ ئەمەسمۇ؟ دېمەك، مېنىڭچە، بىر لاياقەتلىك ئانا بولۇش ئۈچۈن بالا تەربىيىلەشكە دائىر بىلىملەرنى جۇغلاپلا قالماي، پسىخىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك بىلىملەرنى ۋە ئەمەلىي ماھارەتلەرنىمۇ قوبۇل قىلىش كېرەك. باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ، مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇشمۇ ياخشى چارە. ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ماھارەتنى ئىجادىي يوسۇندا ئىشلىتىشتۇر.

مېنىڭچە، ھەر بىر بالا ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ھال ئانىلاردىن ئىجادچانلىق بولۇشنى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كاللىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلەتكەن، ئۆگەنگەن بىلىملەرنى جانلىق تەتبىقلىغان ئانىنىڭ ئىشى يېرىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۆزىنى بالا تەربىيىلەشتىكى قايغۇلاردىن قۇتقۇزغان بولىدۇ.

مەن دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ ئەقىل-ئىدراكلىق، ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ئىجادچانلىقتا باي ئانىلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا بالىلارنى ئۈنۈملۈك تەربىيىلىگىلى ۋە يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ۋىنىفرېتنى تەربىيىلەش داۋامىدا، مەن چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، بالىنى مۇنەۋۋەر بالا قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولسىڭىز، تەربىيىنى ئانىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشتىن باشلاش كېرەك.

**مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**

---

①فروئېبېل فرېدرىخ ۋىلخىلىم ئاۋگوست فروئېبېل (1782 — 1852) گېرمانىيىلىك بالىلار پېداگوگى.



# ئالدانماڭلار

نۇشرۋان يائۇشېۋ (رۇسىيە)

2004.2

*ئىلاۋە: ئورىنبۇرگدا نەشر قىلىنغان «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن ئايدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلى 1918 ـ يىلى 1 ـ ئايدا توختىتىلغانغا قەدەر شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماقالىلەرنى باسقان. خەۋەر، ئاخبارات مەنبەسگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا مۇخبىر ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈر ـ خەۋەرلەرنى ئىگىلىگەن. نۇشرۋان يائۇشېۋ شۇ مۇخبىرلارنىڭ بىرى. نۇشرۋان يائۇشېۋ 1915 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ئىگىلىگەن ئۈچۈرلىرىدىن 90 پارچە خەۋەر ۋە باشقا ژانىردىكى ماقالىسىنى «ۋاقىت» گېزىتى ۋە «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ماقالىلەرنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئېتىقاد ۋە فولكلورى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇشتەك قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ نەشرگە تەييارلىدۇق. ماقالىلەردە تىلغا ئېلىنغان بەزى سۆز ۋە تارىخىي ئاتالغۇلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي نۇقتىدا تۇرۇپ، تەنقىدىي نەزەر بىلەن چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.*

ئۇيغۇرلاردا ئەۋلىيا قەبرىلىرىنىڭ بىھېساب كۆپلۈكى، خەلقنىڭ شۇ قەبرىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىشلىرى، تۇپراققا چوقۇنۇشلىرى... ھەققىدە كۆپ (ماقالىلەر) يېزىلدى. پەقەت، ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدە تەسنىف قىلىنغان يالغان تەزكىرىلەر ۋە تەزكىرىلەردىكى سۆزلەرگە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشلىرى ـ ئالدىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە (بىرەر پارچە ماقالە) يېزىلغىنى يوق.

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قىلغان ساياھىتىمدە، تارىخقا دائىر كىتابلارنى تېپىش ئۈمىدىم بىلەن بەك كۆپ تەزكىرىلەرنى كۆرۈشكە توغرا كەلدى. لېكىن، مېنىڭ بۇ ئۈمىدىم پۈتۈنلەي

يوقلا چىقتى. قىممەتلىك ۋاقىتلىرىم بىكارغا كەتتى. بۇ يەردىكى تەزكىرىلەردىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ دۇرۇس سۆز ئۇچرىتالمىدىم. تەزكىرىلەر باشتىن ـ ئاياغ قىپقىزىل يالغان بىلەن تولغانىكەن. بۇنى ھىيلىگەر شەيخلەر، خەلقنى توزاققا چۈشۈرۈش مەقستى بىلەن ياسىغان بولسا كېرەك. بۇنى ھەرقانداق بىر كىشى ئوقۇشى، ئوقۇشنى بىلمىگەنلەر (باشقا) كىشىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلىشى (مۇمكىن). ئۇيغۇرلاردا شۇنداق ئويدۇرما تەزكىرىلەردىكى سۆزلەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى ئازدۇر.

بۇنداق تەزكىرىلەر ھەر (بىر) مازاردا بار ئىكەن. نۆۋىتى كەلگەندە، مازار شەيخلىرىدىن باشقا كىشىلەرمۇ نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈۋالىدىكەن ۋە ئۇنى بەك مۇقەددەس كىتاب دەپ، ئۆيلىرىدە ساقلايدىكەن، ئوقۇيدىكەن، ئوقۇتىدىكەن...

قانداقسىگە بىر «ۋەلى» (ئەۋلىيا)نىڭ تەزكىرىسى بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقكەن. مىسالغا ئالسام، ئۇ ۋەلىنىڭ مىراجدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە سۆزلەشكەنلىكى بايان قىلىنماي قالمىغان: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققان، پالانى ۋەلىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە جىبرائىلدىن: «بۇ قايسى پەيغەمبەر» دەپ سورىغان. بۇ ھېلىقى ۋەلىنىڭ كارامىتىمىش. كارامەتكە ئىشەنمىگەن كىشى دىنسىز بولارمىش. ۋەلى قاناتسىز كۆكتە ئۇچقانمىش، كېمىسىز سۇدا يۈرگەنمىش، كېتىۋاتقانمىش... كۆكتە قاغىدەك ئۇچىدۇ، سۇدا قۇرۇق ياغاچتەك لەيلەپ ئاقىدۇ.

بۇنى يېزىشقا مەجبۇرلىغان نەرسە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇنداق يالغان ۋە ئاساسسىز خۇراپاتقا ئىشىنىشلىرى، ئالدانغانلىقىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىس ئوقۇغۇچىلىك ئىلمى بولمىسىمۇ، بېشىدا ئازغىنە ئەقلى بولغان ئادەم بۇ تەزكىرىلەرگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئالدىنىپ توزاققا چۈشمەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەر ئىدى، ئادەم بالىلىرىغا ھەق ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچى رەسۇل ئىدى. خۇراپاتقا يول ئېچىپ، تەزكىرە يازغۇچىلارغا دەسمايە ياساپ بەرگەن، رەسۇلىمىزغا يالغان ئىسناد قىلىشنىڭ باشقا پايدىسى كۆرۈلمىدى. «قۇرئان كەرىم» دىكىدەك مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغىچە قەدەر بارغىنى سۆزلەنسە، بۇلاردىن پەيغەمبىرىمىزگە قاداچىلىك قۇسۇر (نۇقسان) كېلەر ـ ھە!.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا «مىراج» نى مىسال قىلىپ جاپا تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سۆزلىگەن سۆزلىرى، قىلغان ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇنى بەك ياخشى تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇلۇكلەردىن ياردەم سوراش، ئارتۇقچە ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ئىسلام تەلىمى توگۇل، بەلكى يات دىندىكىلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

تەزكىرىلەردە يېزىلغان قىپقىزىل يالغانلارغا، قاپقارا خۇراپاتلىقلارغا ئىشىنىش، ئالدىنىش ــ ئەقىلسىزلىقتۇر، ئەخمەقلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆككە چىقىپ پالان ـ پۇستان ۋەلىلەر بىلەن كۆرۈشتى، سۆزلەشتى دېگەندەك سۆزلەر يالغاندۇر. بۇ پەيغەمبىرىمىزگە قىلىنغان بۆھتاندۇر.

مۇسۇلمانلارنى شۇنداق باتىل (يالغان) ۋە زەھەرلىك ئېتىقادلاردىن پاكلاش بولسا ئالىملارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزىدۇر. ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ھەقىقىي ئىسلامىيەتنى ياخشىلاپ ئاڭلىتىشلىرى لازىمدۇر. سۇلتانلارنىڭ، خانلارنىڭ، ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇۋېرىشتىن بىر پايدا چىقمايدۇ. پايدا بولسا ئۇلارنىڭ تارىخلىرىنى، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى، ئىلىم ۋە مائارىپقا قىلغان خىزمەتلىرىنى، ھايات ۋە مەئىشەت دۇنياسىدا، سىياسەت ۋە ئىسلاھات دېڭىزىدا ئۈزۈشلىرىنى، ۋەتەن ۋە مىللەتنى كۈچەيتىش، راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئوينىغان رولىنى يازماقتىدۇر. يازماقتاغىنە ئەمەس، ئۆزىمۇ شۇلارغا ئوخشاش بولماقتا ۋە ئىشەنمەكتەدۇر.

ئارتۇش

«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى ساندىن)

# ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار

بۇرھان

*ئىلاۋە: ئورىنبۇرگدا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1913 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1915 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بولغان ئۈچ يىللىق سانلىرىدا «بۇرھان» «بۇرھان شەھىدۇللىن» ئىمزاسى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن 11 پارچە خەۋەر بېسىلغان. بۇ خەۋەر ئىچىدە بىر پارچىسى تۇڭگانلار، يەنە بىر پارچىسى خەنزۇلار ھەققىدىكى ئاددىي خەۋەر ئىكەن. قالغان توققۇز پارچىسى 1910 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ، ئىقتىساد، ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن بۇ خەۋەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدىم.*

## ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈش

تارىختا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئۇيغۇرلار ① ھەققىدە تەكشۈرۈش ئۈچۈن، پېتربۇرگدىكى ئاسىيا تەتقىقات كومىتېتىدىن ئەۋەتىلگەن سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوۋ بۇ بىر نەچچە كۈننى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈپ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گەنسۇ، سۇجۇ تەرەپتىكى «چىلەنشەن ② تېغى» ئېتىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئاتلاندى. ئۇ يەردە بۇ يىل 10 ـ ئايغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، خامى ③ غا كېلىپ، بىر ـ ئىككى ئايچە تۇرۇپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر تەرەپكە سەپەر قىلىدۇ. سېرگېي ئېفىموۋىچ تولىمۇ غۇرلارنىڭ ماكانىغا بارغانىكەن. ئۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇپ بىرەرمۇ ئۇيغۇرغا يېقىنلىشالماپتۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا يېقىن يولىماپتۇ. ئۆيلىرىگە بارسا قارشىمۇ ئالماپتۇ، تېخى ئۆيلىرىدىن قېچىپ كېتىپتۇمىش. مىڭبىر جاپادا ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە تارتىپ كەپتۇ. ئۇلارغا پۇل ـ پۈچەك بېرىپ ئاۋازىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇلارنى سۆزلىتىپتۇ، پاراڭلىشىپ، نۇرغۇن سوئاللارنى سوراۋاپتۇ.

سېرگېي ئېفىموۋىچ ئۈرۈمچىدە تۇرغاندا، ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ئىلمىي ساياھەتچى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، يىراق قەدىمكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ، تارىخقا تۆھپە قوشۇشى بىز ئۈچۈنمۇ ماختاشقا ھەم رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

(ۋاقىت گېزىتىنىڭ 1913 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى 1260 ـ سانىدىن)

## ئۈرۈمچى شەھىرى

بۇ شەھەر غەربىي تەرەپتىكى كاتتا مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سودا جەھەتتە تولىمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە. بۇ شەھەردە بەش تۈمەندەك خەنزۇ، تۇڭگان، تۇرپانلىق ۋە قەشقەرلىك ئاھالە بار. ئۇلاردىن باشقا روسىيىلىك مۇسۇلمانلارمۇ نۇرغۇن. يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىجارىتى بېيجىڭ، شاڭخەي، خەنكۇدىن كەلتۈرگەن ھەر خىل تاۋار، چاي، رۇسىيىدىن كەلتۈرگەن توقۇلمىلارنى ئاساس قىلىدۇ. تۇرپانلىق بىلەن قەشقەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار. چوڭراق ئىش قىلالىغانلىرىمۇ بەك ئاز. رۇسىيىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، سودا ئۇيۇشمىسى بار. سودا ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن. رۇسىيىلىكلەرنىڭ سودا ئۇيۇشمىسىدا بۇ يەردە دائىم تۇرىدىغان بىرەرسىمۇ يوق. ئەمما، بەزىدە كېلىپ كالا يىغىۋالىدىغان رۇسىيىلىكلەرمۇ سودا ـ تىجارەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار رۇسىيە تاۋارلىرى ئۈچۈن بۇ يولنى ئاچقاندەك بۇ تاۋار ئۈچۈنمۇ رۇسىيىدىكى بازارغا ئىگە بولغان. ئۈرۈمچىدە مال ـ چارۋا باقماق ئاسان بولغاچقا، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن بۇ يەردە مال ـ چارۋا بېقىپ، چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارمۇ بار. ھۆكۈمەت يەر مەسىلىسىدە

رۇسيىلىكلەرگە ئارىلىشىۋالمايدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمى ئىشقىلىپ، روسيىلىكلەرنىڭ يېقىن دوستى.

ئۈرۈمچىدە رۇسيىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت ۋە مەكتەپلىرىدىن باشقا، يەنە 27 مەسچىت بار، ئەمما بەرەرمۇ مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان مەكتەپ يوق. بولۇپمۇ تۇڭگانلار مەسچىت سېلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن خەقكەن. 27 مەسچىتتىن 22 سى تۇڭگانلارنىڭ، قالغان بەش مەسچىت تۇرپانلىق ۋە قەشقەرلىك سارتلارنىڭ. تۇڭگانلار ئادەتتە خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ، ئەرەبچە ئۆگىنىدۇ. بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خەق. دۆلەتتە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى جاكارلاشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان خەنزۇچە مەكتەپ بارىكەن. ئۇ چاغدا تۇڭگان بىلەن سارتلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەجبۇري ئوقۇتۇپتىكەن. تۇرپانلىق بىلەن قەشقەرلىك مۇسۇلمانلار كۆپ ھاللاردا پەرزەنتلىرىنى يوشۇرۇۋالىدىكەن ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتمايدىكەنمىش. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى جاكارلانغاندىن كېيىن، خەلقتە پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتماسلىق ئەركىنلىك بوپتۇ، مەكتەپلەرمۇ تاقىلىپتۇ. مۇتەسسىپ ھاكىم بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىنى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلغان، دەپ قولغا ئېلىپ ئېتىۋېتىپتۇ. بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بىرى مەكتەپلەر تاقاغلىقكەن.

تۇرپانلىق، قەشقەرلىك مۇسۇلمانلاردا مەرىپەت دەۋرىدىن خەۋەردار كىشىلەر ئازىكەن. كەرىم جامالىدىنوف، يۇسۇپئاخۇن سائەتچىدەك بىر نەچچە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بار بولسىمۇ، ئۇلار تولىمۇ ئاز بولغاچقا، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن. بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ئەزالىققا سايلانغانلار ئىچىدە خەلقنىڭ تەلىپىنى چۈشىنىدىغانلار يوقكەن.

رۇسيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە بىر مەسچىتى ۋە زامانغا لايىق مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان بىر مەكتىپى بار. ئۇفادىكى ئالىيە مەدرىسىدە ئوقۇغان زىننەتۇللا ئەپەندى يىگىتباي نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق مەكتەپنى چىرايلىق مۇنتىزىملاشتۇردى. 1910 ـ يىلى ئۇفاگە قايتىپ ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشى بولمىش بىر مۇئەللىمەنىمۇ ئالغاچ كەپتىكەن. مۇئەللىم مەريەم خانىم قىزلارنى ئوقۇتىدىكەن. قىزلارغا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىتىدىكەن، بۇ ئىككى ياش زور تىرىشچانلىق بىلەن بۇ يەردە مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت تارقىتىپتۇ. بىزلەر بايلىق توغلىشىپ، مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىراقتىن كەلگەن بولساقمۇ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ چەت ياقا يۇرتتا نۇر تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق.

(1914 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 1440 ـ سانىدىن)

## ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش

يازدا مەشھۇر شەرقشۇناس سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوۋ جانابلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى. ئۇ تۆت ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن. بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدە ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىپتۇمىش، بۇ قېتىم كۆنۈشۈپ قالغاچقا، قاچماسىمىش. مالوۋ جانابلىرى كۆپ ۋاقتىنى چەنتۇدا سارتلار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن قالغان تارىخىي يادىكارلىقلاردىن باشقا، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان نەرسىلەر ھەققىدە مەلۇمات توپلىغان. ئۇ 70 ـ 80 كىشىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن. ئۇ ئىلگىرى بارغاندا تاغ قاپتىلدا تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقانىكەن. بۇ قېتىم يايلاقتا ئۆيلۈك بولۇپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بارغان. فوتو ئاپپارات بىلەن ئادەملەرنى، ئىبادەتخانا، ئۆيلىرىنىڭ نۇسخىسىنى سۈرەتكە تارتىۋاپتۇ. سۈرەتتىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، تۇرمۇش ئادىتى پۈتۈنلەي موڭغۇللارنىڭكىدەك «ساپ ئاشۇ تايىپتىن» ئىكەن. ئۆيلىرى چېدىر ئىكەن، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ھازىر ئۇلار مەجۇسى دىنىدىكەن. ئۇلاردا يەنە شامان ئېتىقادىمۇ بار ئىكەن. ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئىككى تائىپە بولۇپ، بىرى سارتقا، يەنە بىرى موڭغۇلغا ئوخشايدۇ. مالوف سارتقا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ۋە ئاياللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئۇنئالغۇدا 30

www.uyghurkitap.com



پلاستنكىغا كۆچۈرۈۋاپتۇ. ئۇ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر سارت- لىرنىڭ تېپشماق، رىۋايەتلىرى بىلەن روسىيىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئارىسىدا تولىمۇ يېقىن بولغان ئوخشاشلىقلار بار ئىكەن دەيدۇ. تۇرپاندا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئىككى پارچە تولىمۇ قەدىمىي ۋەسىقە، بۇددا نومىنىڭ باسما نۇسخىسىنى تېپىلىۋالدى. ئۈرۈمچىدىمۇ 20 خىلدەك ۋەسىقىنى قولغا چۈشۈردى.

يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇنداق ئادەت بار: بىرسى ئاغرىپ قالسا، شامال دارىپ قالسا، ئۇنى كېچە- سى ئۆيدە يالغۇز قويىدۇ. بىمارنىڭ يېنىغا بىر – ئىككى كىشى كىرىپ ئۆينىڭ تېمىغا بىر نەچچە ئورۇنغا شام ياقىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن تورۇسقا بىر ئارغامچا باغلايدۇ. بىمار ئۇ ئارغامچىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. شۇ- نىڭ بىلەن بۇ مۇسۇلمانلار قولغا بىردىن ئىسكىرىپكىغا ئوخشايدىغان چالغۇنى ئېلىپ چېلىپ بىمارنىڭ ئەتراپىنى توختىماي ئايلىنىدۇ. ئۇلار تولىمۇ سىغىنىپ مۇناجات ئوقۇيدۇ. بۇ مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، توخۇ ياكى قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، قېنىنى بىمارنىڭ پۈتۈن بەدە- نىگە سۈركەيدۇ. مۇناجاتچىلاردىن بىرى قولغا ئۈچ تال قومۇشنى ئېلىپ ئوت ياققاندىن كېيىن، بىمارنىڭ ئۈس- تىدىن نەچچە رەت ئايلاندۇرىدۇ. مالوف جانابلىرى بىر كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ ئىجارە ئالغان ئۆيىدە ئاشۇنداق مۇراسىم ئورۇنلاتقۇزدى. غۇلجا، ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇل- مانلار مېھرىبان دەپ بىلىدىغان كونسۇل دياكوۋ ئالىي- لىرىمۇ بۇ يىغىلىشقا قەدەم تەشرىپ قىلدى. يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا «تۇغ باغلاش»، «پىرە ئويناش» دېگەن بۇ ئىشنى مالوف بىزنىڭ يەردە «پىرە كۆرس- تىش» دەيدۇ، دېدى. ئارقىدىن ئۇ تۇغ باغلايدىغان بارلىق ئەسۋاب – سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، پېتىرگرادتى- كى مىللەتلەر مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ ھازىر لوپ ④ تەرەپكە ئاتلاندى. لوپ سەپىرىدە قارا شەھەردە توختاپ، ئۇ يەردىكى قەدىمىي ئاسار – ئەتىقىلەرنى قاز- ماقچى، لوپتا تۆت ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئالتە شەھەر تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىن ئەندىجان ئارقىلىق پې- تىرگرادقا قايتىپ كېتىدۇ.

(1914 – يىل 10 – ئاينىڭ 4 – كۈنىدىكى 1600 – سانىدىن)

## ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار

غەربىي شەھەردە ئۈرۈمچىدىكى قەشقەرلىكتەك كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئالتە شەھەرلىكلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كاتتا تىجارەتچىلەر بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ساپلا مەدىكارچىلىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ تۇرپانلىق- لار ئىچىدە كاتتا تىجارەتچىلەر ئاز. ئۇلار كۆپىنچە مە- لىچمال تىجارىتى قىلىدۇ. تۇرپاننىڭ ئۆزىدە پاختا، ئۈ- زۈم ۋە باشقا مېۋە كۆپ چىقىدۇ. ئادەملىرىمۇ كۆپىنچە مېۋە – چېۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلار پاختا ۋە باشقا مېۋىلەرنى ئۆستۈرسىمۇ، ئۆزلىرى پايدا ئالالمايدۇ. نېمىشقا؟ ئۇلار پاختىنى باش ئەتىيازدا تېرىيدۇ. خەنزۇ، تۇڭگان ۋە سارتلارغا ئەرزان باھادا سېتىپ پۇلنى قولغا ئالغاندەك قىلىدۇ. كۈزگى يىغىم مەزگىلى بولغاندا، ئۇلارنىڭ قولىغا ئازراقمۇ پۇل كىرمەيدۇ. نۇرغۇن جاپادا ئۆستۈرگەن پاختىنىڭ پايدى- سىنى باشقىلار ئالىدۇ.

ئۈرۈمچى مۇسۇلمانلىرى بۈگۈنگىچە ئۆگىنىدىغان نەرسىگە دىققەت قىلمىغان. ئۆگىنىدىغان نەرسە يوقمۇ ئەمەس. ئەمما تولىمۇ قەدىمىي ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن. ئۆتمۈشتىكى روسىيە مۇسۇلمانلىرىدەك «شەرئىي ئەتۇل ئىمان» بىلەن ئىنشادا نەچچە يىل ئوقۇتۇپ بالىلارنىڭ كاللىسىنى زەھەرلەيدۇ. بۇ تېخى ئۆگىنىش دەپ قارىلى- دۇ. بۇنداق ئۆگىنىشتە توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشى يوق. بۇنداق نېمىلەردىن ياخشىراق بىر نېمە ئۆگەتسە، رولى بولاتتى، ئۇمۇ يوق. قۇدرىتى بار قەشقەرلىك، تۇرپانلىق سودىگەرلەر قوزغىلىپ مۇنتىزىم مەكتەپ ئاچسا، ئارقى- دىن باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ بالىلىرىنى ئوقۇتسا، مائارىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى ئەمەسمۇ! يول باشلايدىغان ئادەم يوق. تەرتىپلىك مۇنتىزىملاشتۇرۇۋالغان مەكتەپ بولسا بۇ كىشىلەر تولىمۇ ئىقتىدارلىق بولغاندىكەن؛ تىزلا تە- رەققىي قىلدۇرالايدۇ ئەمەسمۇ! بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەڭ زۆرۈر دەپ قارايدىغىنى شۇ ئىشنى باشلاپ كۆ- چىنىڭ بارىچە چۈشەندۈرىدىغان كىشىنىڭ يوقلۇقى. چۈشەندۈرەلىسە ھېچكىممۇ قارشى تۇرمايدۇ ئەمەسمۇ!

2004 . 2

ئۇلار ئەگىشىدىغانلا كىشىلەردىن تۇرسا.

سودىگەرلەر ئارىسىدا خەنزۇ ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانـ
لىرى بىلەنمۇ ئۇبدان ھەمكارلىشىدىغانلار بار.

سودىگەرلەر ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق، زىيادە كۆـ
رەلمەسلىك ئېغىر. شۇڭا ھېچقانداق ئىشتا ھەمكارلاشقىلى
بولمايدۇ. بىر ـ بىرىدىن ھەسەت قىلىدۇ. ئارقىسىدىن
تىللايدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ تىجارىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.
بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن نادان بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن كەسىپ تۈرى بولمىغانلىقىدىن ھەممىسى ئوخـ
شاش تۈردىكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بىرىنىڭ
ئىشىنى يەنە بىر ئېلىشقا بولمايدۇ. خەنزۇلاردا مۇنداق
ماقال بار: «مەي مېيەندي جيەنبۇدي شىخۇي»⑤
يەنى «ئۇن ساتقۇچى ھاك ساتقۇچىنى كۆرەلمەيتۇ»
دېگەن مەنىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەسەتخورلۇقـ
مۇ دەل مۇشۇنداق.

(1914 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى 1602 ـ سانىدىن)

## ئۈرۈش ۋە ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمانلار

ئۈرۈمچىدىكى كونسۇل ئالىكسىي ئالىكسوۋىچ دىياـ
كوۋ ئالىيلىرى بىلەن ئاقساقال ئابدۇخالىق يانكىبۇلارـ
نىڭ كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىشى بىلەن ئۇرۇشتا ياردار
بولغان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئەۋەتىشكە ئىئانە يىغدۇردى.
ئاۋۋال كونسۇل ئالىيلىرى ئۆز يېنىدىن 50 رۇبلىنى،
ئۇنىڭ مۇھتەرەم خانىمى ئون رۇبلىنى ئىئانە قىلدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلەر سارىيىدىكى ئابدۇجابباـ
رووۇلار 100 رۇبلى، رامازەن چانىشۇ 500 رۇبلى، ئەزىزـ
ھاجى ھەمجانوۋ 300 رۇبلى، ئابدۇجېلىل ئابدۇللا بايېۋ
100 رۇبلى، بال ناملىق سودا ئۇيۇشمىسى 100 رۇبلى،
زىيادىدىن مۇھەممەد قالىيېۋ 200 رۇبلى، مىرسالىھ مىرـ
ھاجىبايېۋ 200 رۇبلى، ئابدىرەھمان ئابدىلوتىيېـۋ 50
رۇبلى، خورۇنجىي مىخايلوۋ 25 رۇبلى، ئابدىخالىق ياـ
نكىبۇ ئاقساقال 25 رۇبلى، كەرىم چانىشېۋ 25 رۇبلى،
قاسىمجان ئابدۇروسۇلوۋ 20 رۇبلى، ئابدۇقادىر بەدەل
مۇھەممەد بايېۋ 20 رۇبلى، مەنسۇرجان نۇرچىبايېۋ ئون
رۇبلى، ئىبراھىم مۇھەممەد ۋەلىيېۋ ئون رۇبلى، سادىق
ئوسمانوۋ ئون رۇبلى، ئاندىي كىنياجىي ئون رۇبلى،
ھەسەن بۇرناشېۋ بەش رۇبلى، بېك سۇلتان ۋەلىخانوۋ
بەش رۇبلى، دوكتور مالشېۋ بەش رۇبلى، روسىيىلىك
كازاكلار بەش رۇبلى، ئاخۇن تاش ئابدۇئەزىزوۋ② بىر
رۇبلى جەمئىي 1811 رۇبلى يىغىلدى. كونسۇل ئالىيلىرى
ئىئانە قىلغۇچىلارغا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپاـ
دىلەپ ياردەم قىلغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۇردى.

(1914 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى 1637 ـ سانىدىن)

## يەر تەۋرىدى

ئۈرۈمچىدە بۇ يىل تۆت ـ بەش قېتىم يەر تەۋرەـ
دى. ھازىرقى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلار بولـ
مىسىمۇ، كەلگۈسىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشلەردە ئاپەتكە
ئۇچرىشى مۇمكىن. سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق
يېنىككىنە سىلكىنىپ جىددىي بىر يەر تەۋرىگەندە ئاـ
پەتكە ئۇچرىغانلار كۆپ بوپتىكەنمىش.

(1914 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى 1667 ـ سانىدىن)

## ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى

ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى مائارىپ، سەھىيە، ئىقـ
تىسادىي جەھەتلەردە تولىمۇ ناچار كىشىلەر بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا قاشاقلىقتىن يۈزىنى تۆكىدىغان
ئىشلار كۈنسايىن ئاۋۇۋاتىدۇ. تۈرلۈك يۇقۇملـۇق كېـ
سەللىكلەر تارقىلىۋاتىدۇ. ھازىر 100 كىشىدىن 60 كىشىنى
ئاغرىقكەن دېيىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇسۇلمانـ
لارنىڭ نوپۇسى ماس دەرىجىدە ئاۋۇيالمايدۇ. بۇ مۇـ
سۇلمانلار نامرات بولغانلىقنىڭ ئۈستىگە قىمارۋاز، تېرىقـ
چىلىق قىلىپ تاپقان پۇلنى قىمار ئوينايدۇ. ساقىلى ئاـ
قارغىچە مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار كۆپ. بۇ
ئويۇننىڭ ئەڭ چوڭى چاغاندا بولىدۇ. خەنزۇلار بىلەن
مۇسۇلمانلار بىرلىكتە قىمار ئوينايدۇ. خەنزۇلار چاغاننى
15 ـ 3 كۈنگىچە قۇتلۇقلايدۇ. ئۇ يەردە خەنزۇنىڭ ئۇـ
لۇغىدىن ئۇششىقىغىچە قىمار ئوينايدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ
ئۆزئارا يىغىلىشىپ تىترىشىپ تۇرۇپ قىمار ئوينايدۇ.
پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، چۆندەكلىشىپ
ھەر خىل ھاقارەتلەرگە دۇچار بولغانلىرىمۇ نۇرغۇن. بۇ
مۇسۇلمانلار ئەپيۇنكەش، نەشكەش بولۇپ، پـۈتـۈن
ھاياتىنى ئەپيۇن ـ نەشە بىلەن زەھەرلەپ بولغان. ھۆـ

MIRAS

كۆمەت يېقىنقى يىللاردا ئەپيۈننى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئۆگىنىپ كەتكەن خەقلەرنى تەزدۈرەلمىگەن، نەشكەشلەر تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەن.

بۇ مۇسۇلمانلار نامراتلىقدىن ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولمىش پەرزەنتلىرىنىمۇ سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىرى نۇرغۇن. ئالدىنقى ئايدا مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى. يەرلىك بىر مۇسۇلمان گۆرەكەشتىن قەرز قىلىپ 30 سەر پۇل ئاپتۇ. بۇ پۇلنى بۇ مۇسۇلمان مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرالمىغانلىقتىن ئۆسۈمى بىلەن قوشۇلۇپ 70 سەر بوپتۇ. 30 سەرنى قايتۇرالمىغان سارت 70 سەرنى ئەلۋەتتە قايتۇرالمايدۇ. جازانىخور قاتتىق سۈيلەپ تۇرۇۋالغاچقا بىچارە سارت يىغلاپ تۇرغان تۆت ياشلىق قىزىنى جازانىخورغا 70 سەر پۇلغا ھېسابلاپ بېرىپتۇ. يەنە تېخى ئۇ سارت جازانىخوردىن 15 سەر قەرز ئاپتۇ. ئۇنىمۇ مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرالمىسا، 15 سەر ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ 30 سەر بولىدىكەن. جازانىخور پۇلنى سۈيلەپ كېلىپ قەيەردىن بولمىسۇن پۇل تېپىپ تاپشۇر دەپتۇ. سارتنىڭ قولىدا تاپشۇرغۇدەك مال ـ مۈلكى بولمىغاچقا ئىككى يېرىم ياشلىق ئوغلىنى ساتماقچى بوپتۇ. جازانىخور سارتنىڭ ئوغلى ئۈچۈن 200 سەر پۇل بەرمەكچى بوپتۇ. سارت ئوغلىنى جازانىخورغا ساتماپتۇ. ئۇ يەردىكىلەر بىر مۇسۇلماننىڭ پەرزەنتىنى ساتماقچى بولغانلىقىنى رۇسىيىلىك مۇسۇلمانلار ئاڭلاپتۇ. رۇسىيەنىڭ تاشكەنتلىك بىر سودىگەر سارتنىڭ بىچارىلىقىنى كۆرۈپ، بالىنى ئۆزى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سارتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە بالىسىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا نامراتلىقدىن مۇشۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپتىكى جايلاردا دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان ناھايىتى مۇنبەت يەرلەر بولسىمۇ، بۇ مۇسۇلمانلار ئۇ يەرلەردىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ. بۇ يەردە يەر كەڭرى، سۇ ئەلۋەك، ئەگەر تىرىشىپ دېھقانچىلىق قىلسا، ئۇلار نامراتلىققا دۇچار بولمايدۇ.

(1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى 1766 ـ ساندىن)

## مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنى

غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە بۈگۈنگىچە دۇكاندارلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى يوقكەن. مۇسۇلمانلار مېھرىبان دەپ بىلىدىغان كونسۇل. ئا. ئا. دياكوۋ ئائىلىلىرى بۇ ئەھۋالنى ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ دۇكاندارلار ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ كۈن جۈمە كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنى يەرلىك سودىگەرلەرمۇ بۇ كۈنى ئۆزلىرى تىجارەت قىلىدۇ. مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئۇرۇننى تاللاپ جۈمە نامىزىغىچە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ يەردىكى تىجارەت كۆپىنچە پېشىنغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئۈچۈن قىيىنچىلىق بىلىنمەيدۇ. كونسۇل ئائىلىلىرىنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى دۇكاندارلار تەشەككۈر ئېيتتى.

ئۈرۈمچىدىكى رۇسىيىلىك سودىگەرلەر ئۆزئارا پۇل يىغىشىپ 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نەزىر ئۆتكۈزدى. مال قان قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىندى. بۇ كۈن ئۈچۈن 300 رۇبلىدەك پۇل يىغىلدى، ھەممە پۇل خىراجەت قىلىندى. بۇ ئىشقا ئابدۇقادىر ئەپەندى رەجەپبايېۋ مەسئۇل بولدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئېيتىپ كېتىشتى.

(1915 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى 1802 ـ ساندىن)

ئىزاھلار:

① بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاتالغۇسى ھازىرقى گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. 1910 ـ يىللىرى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى بېكىتىلمىگەچكە بۇرھان ئەپەندى خەۋەرلىرىدە «سارت»، «مۇسۇلمانلار»، «ئالتە شەھەرلىك»، «تۇرپانلىق» «قەشقەرلىك» دېگەن نام بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

② گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چىلەنشەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

③ رۇسلار قۇمۇلنى خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە خامى دەيدۇ. بۇ يەردە بۇرھان ئەپەندى رۇسچە ئاتىلىشىنى ئىستېمال قىلغان.

④ لوپ—ھازىر لوپنۇرنى دېمەكچى، ھازىرقى لوپ ناھىيىسى ئەمەس.

⑤ خەنزۇچە 卖面的见不得卖石灰 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# رودۇپاي

زۇنۇن قادىرى

ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆرمىگەنلەر بار، كۆرسىمۇ، كۆر-
مەسكە سالىدىغانلار بار، لېكىن كۆرگەنلەر كۆپ.

ئادەملەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھ-
تىيات قىلىشىدۇ، لېكىن پالاكەت قانداق سۈرەتلىك نەرسە،
ئۇ قەيەردە يۈرىدۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ دېسە «تاڭەي»
دەيدىغانلار بار. ئۆزلىرى بولسا، پالاكەتنى ئۇچىسىدا
كۆتۈرۈپ بېقىپ يۈرۈپ چوڭ قىلىدۇ، يەنى ئۇنى تونۇ-
مايدۇ. نامىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمما «پالاكەتكە يو-
لۇقمىسا، ئەجەپ راھەت، ئەركىن ياشايدۇ كىشى» - دې-
گەننى ئويلايدۇ.

پالاكەتلەرنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا ئاتا - بوۋىلىرى-
مىزدىن كېلىۋاتقان بىر چۈشەنچە: مەككىنىڭ يولىدا رو-
دۇپاي بار، ئۇ پالاكەت ئۇچراپ قالسا، ساڭا چاپلىشىۋال-
دۇ، ئۇنىڭدىن ئاجرىماق تەس. رودۇپاينىڭ كۆزىنى چو-
قۇيدىغان بىر قۇش بار. «سەن، ئاشۇ قۇشنى ئۇچراتقۇچە،
ئۇ گېزەندىنى كۆتۈرۈپ يۈرسەن» دېيىشىدۇ.

مەن ئۇ ئېشكەلدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ،
بىر كۈنى بوۋامدىن:

— بوۋا، سەن ھەجگە بارغاندا يولدا رودۇپاي
ئۇچرىمىدىمۇ؟ ساڭا چاپلاشمىدىمۇ؟ ئۇ ئادەمگە
ئوخشامدىكەن...؟ — دەپ سورىدىم.

بوۋام مېنىڭ كەلسە - كەلمەس نېمىلەردىن
ئەندىشە قىلىپ يۈرگىنىمگە كۈلدى، كېيىن ئويلى-
ۋېلىپ چۈشەندۈردى.

— ماڭا يولدا مەككىنىڭ ناھايىتى تولا غې-
رىپ - مىسكىنلىرى يولۇقتى. مەن ئۇلارغا سەدىقە
بەردىم، ئۇلار خۇشال بولۇپ قېلىشتى. بەزىلەر
شۇلارنى سۈرۈشتۈرمەيلا رودۇپاي دەيدىكەن،
ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار غېرىب - مىسكىن،
ئاچ - يالىڭاچ قالغان كىشىلەر، ھىندىستان بىلەن
ماڭغۇچىلارغا راست رودۇپايلا ئۇچراپتۇدەك، ئۇ-
لارنىڭ ئېيتىشىچە: رودۇپاينىڭ پۇتلىرى تولغى-
ماچ - تولغىماچ بولۇپ، سۆرۈلۈپ يۈرىدىكەن.
ئۆزى قېرىپ كېتىپتۇ، لېكىن كۆزى ھوقۇشنىڭكى-
دەك يامان ئىكەن. ئەمما ياۋاش كۆرۈنۈشكە كې-
رىۋېلىپ، خەلقتىن ياردەم سورايدىكەن، ئۇنىڭغا
ئىچىڭ ئاغرىپ يېقىنلاشساڭ چاپلىشىۋالىدىكەن.

— ئەمىسە رودۇپاي دېگەن قانداق يەردە
يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ سۈرىتى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟

— ئۇ ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۈرىدىكەن. ئۆزىمۇ
خۇددى ئادەم سۈرىتىدە بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ ئاچكۆز
ۋە تويماس بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئېغىرلىقنى
يەلكەڭگە ئارتىپ قويىدىكەنىدە، ئاستا - ئاستا تۇيغۇزماي
قېنىڭنى شورايدىكەن. ئۇنى ھاپاشلاپ يۈرۈۋېرىپ دەر-
مانسىزلىنىپ يىقىلساڭمۇ، ئۇ گېزەندە ئوچاڭدىن ھېچ
چۈشمەيدىكەن - دە.

كىشىلەرنىڭ ئەركىن يۈرۈش - تۇرۇشى ئۈچۈن رو-
دۇپاي دېگەن پالاكەتنىڭ شۇنچىۋالا يامان توسالغۇ بو-
لۇشى مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈرگەنلىكتىن:

— رودۇپايدىن قۇتۇلۇشنىڭ زادى چارىسى يوقمى-
كەن، بوۋا؟ — دېگەنىدىم.

— بار، — دېدى بوۋام ۋە رودۇپاينىڭ جاجىسىنى
بەرگەن بىر كىشىنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



بۇ ۋەقە چوڭ بىر كىتاب، ئۇنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، مەزمۇنىنىلا ئېيتسام، مانا مۇنداق:

— سانۇبەر دېگەن بىر باتۇر يىگىت گۈليار دېگەن پەرى قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ گۈليارنى ئىزدەپ نەچچە يىل تاغ ـ تاش، چۆل ـ جەزىرىلەرنى پىيادە كېزىپ يۈرۈپ جىق مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ، ئۇ يوللاردا ئاجايىپ ۋە غارايىپ ھادىسىلەرنى ئۇچراتقاندى. ھەممە نەرسىلىرى تەلتۆكۈس بولغان ئاسمان پەلەك ئېسىل بىنالارنى كۆردى، لېكىن ئىگىسىز، بىرمۇ جان يوق. يەنە بىرجايدا ئاجايىپ مەرمەر تاشتىن سېلىنغان زىننەتلىك ساراي ئىچىدە ئالتۇن جابدۇقلار، گۆھەرلىك نەقىشلەر، ئادەمزات كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن تەخت ئۈستىگە غەلىتە هايۋانلار چىقىپ ئولتۇرۇشۇۋالغان. يەنە بىر جايدا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن تولغان باغلىق ئىمارەتلەر ئىچىدە نەچچە يەرگە قازان ئېسىلىپ، جاھاندا بارلىكى ھەر تۈرلۈك تاماقلار پىشۇاتقان. تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن داستىخانلار سېلىنىپ، قاچا ـ قومۇچ جاي ـ جايىدا تىزىلغان، چوڭ توي ھازىرلىقى تۇرۇپتۇ. لېكىن ھېچ ئىنسان كۆرۈنمەيدۇ. گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ يۈرگەن ئاچ يىگىت مۇنداق نازۇ ـ نېمەتلەرنى، مۇنداق ئېسىل تاماقلارنى كۆرگەندە «يا بەخت» دەپتۇ ـ دە، چوڭ ئىشتىھا بىلەن تاماقلارنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ. مانتا يېمەكچى بولۇپ قول سوزغانىكەن، قاسقان سەكرەپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇنى ھارغىچە ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپتۇ. ھالۋا يەي دەپ قول سوزغانىكەن، چۆمۈچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ باشكۆزىنى يېرىۋېتىپتۇ. بۇ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك قىزىق ھادىسە بوپتۇ. ھېچ قازان ئۇنىڭغا بىر چىشلەم تاماق بەرمەپتۇ، ئازار بېرىپتۇ، يا تەخسىلەر بىر تال قاق، يا دەرەخلەر بىر تال مېۋە بەرمەپتۇ، ھەممىسى ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپتۇ.

يىگىت مۇنداق ھادىسىلەرنى جىق كۆرگەن، مۇنداق تاياقلارنى جىق يېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئارتۇق ئەجەبلىنىپ تۇرماي يەنە يولغا راۋان بولدى.

ئاشىق يىگىت ئىنسانلارنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە زار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چارچىدى، ئاچلىقتا چىدىماي يەنە شۇنداق بىر باغقا تەۋەككۇل دېدى ـ دە، كىرىپ قالدى. قايسى كۆزى بىلەن كۆرسۇن، تازا پىشقان ئالما تۈۋىدە مۇلايىم قىياپەتلىك بىر ئادەمنىڭ ھېجىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھە، مانا ئەمدى پەلەكنىڭ چاقى دۇرۇس چۆگىلەپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، مانا بەخت ئاتا!... دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ھېلىقى ئادەمنى قۇچاقلىدى.

— نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز، ھۆرمەتلىك ئاتا، بۇ يەردە؟

جېنىم بالام، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، يالۋۇرۇپ، — مەن باغۋەندىم، زەي يەردە يېتىپ پالەچ بولۇپ قالدىم. ئايلاپ ـ يىللاپ باغقا قارايمەن، لېكىن ئۆز قولۇم بىلەن شېخىدا تۇرغۇزۇپ بىرمۇ ئالما ئۈزۈپ يېيەلمەيمەن. مېنىڭ دۇنيادا بىرلا مۇرادىم بار، ئۇ بولسىمۇ شۇ ئۆز قولۇم بىلەن بىر تال مېۋە ئۈزۈپ يېسەم، بېشىڭدىن مىڭ ئۆرگىلەي، ياردەم قىلساڭ ئىدى.

— بولدى، يىغلاپ دەردلەنگەن يۈرەكنى تىترەتمە، ماڭا ھاپاش بول. ئالما ئۈستىگە ئېلىپ چىقاي، ئۆز قولۇڭ بىلەن قانچىنى يېسەڭ يە، مۇرادىڭ ھاسىل بولسۇن، — دېدى مەرد يىگىت. پالەچ باغۋەننى ئالما ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. يىگىت قويۇق ئالمىسى بار بىر شاخقا مىنىپ ئارقىسىغا قارىدى.

— سەن يەۋاتامسەن؟ رۇخسەت قىلساڭ مەنمۇ بەش ـ ئالتە تال ئالما يېسەم، — دەپ سورىغانىدى، باغۋەندىن ھېچقانداق ئۈن چىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ ياپىلاقنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ، ئاغزى ھېجىيىپ تۇراتتى. «پالەچ مۇرادىغا يەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن تىلى سۆزگە كەلمەيۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى يىگىت، ئۆزى تويغۇچە ئالما يېدى.

— مەنمۇ ئالماڭنى تويغۇچە يېدىم، سەنمۇ يېگەنسەن، ئەمدى چۈشۈپ كېتەيلىمۇ؟ — دەپ يەنە ئارقىسىغا قارىدى.

لېكىن باغۋەندىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇ پۇشۇلدىپ يىگىتنىڭ دۈمبىسىنى يالاۋاتاتتى. يىگىت «بۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يامىشىپ يەرگە چۈشتى.

— قېنى ئەمسە ئاستا چۈشە، — دەپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى يىگىت. پالەچتىن زۇۋان چىقمايدۇ، ئۇ بارغانسېرى كانىدەك مەھكەم چاپلىشىپ، تېخىلا پۇشۇلداپ تىلى بىلەن يىگىتنىڭ دۈمبىسىنى يالاۋاتىدۇ، يىگىتنىڭ غىدىقى كەلدى.

—هوي نېمە قىلىۋاتىسەن؟!

...

—مۇرادىمغا يەتتىم دەپ، يەنە ئۇچامدا ئۇلۇپ قالما، چۈش!

—...

—هوي بىر يىبىرلىك ئاغرىۋاتامدۇ؟

—...

—زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ، چۈشە ـ چۈش؟

باغۇەن تىلىنى سۆزگە بەرمەيدۇ، ھامان يالاۋاتىدۇ. يىگىت تېرىككىشكە باشلاپ، مۇرىسىنى قارمۇالغان پالەچنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا ئىتتەردى.

—ئويۇن ـ چاقچاق شۇنچىلىك بولغىنى ياخشى چۈشە، مەن يولۇمدىن قالماي!

—...

يىگىتنىڭ بويى شۈركۈندى، ئۇنى سىلكىدى، نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ قوپتى، پىشانىسىدىن ئارقىغا ئىتتەردى. پالەچ زادىلا چۈشمەيدۇ. يا گەپ قىلمايدۇ، يىگىت غەزەپلىنىپ پالەچنى تىللىدى. قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مۇشتلىدى، ئالما ياغاچلىرىغا ئاپىرىپ ئۇردى ۋە بىر قانچە قېتىم ئېگىز ـ ئېگىز سەكرىدى. پالەچ بولسا، بارغانسېرى مەھكەمرەك تۇرۇپ چاپلىشىپ كېتىپ باراتتى. يىگىت ئۇچىسىغا چاپلىشىپ قالغان پالەچنىڭ مۇلايىم باغۇەن ئەمەس، رودۇپاي دېگەن پالاكەت ئىكەنلىكىنى ئەمدى سەزدى. ئۇز ھالىغا ئېچىنىپ:

بىر بالادىن قۇتۇلۇپ،
مىڭ بالاغا ئۇچرىدىم.
مىڭ بالادىن قۇتۇلۇپ،
رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

دېدى ـ دە، رودۇپايىنى ھاپاش قىلىپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

ئاشىق يىگىت بىر نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، قۇتلۇق چۆللەرنى، مۇزلۇق داۋانلارنى ئاشتى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە سامانىدەك سارغىرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ باراتتى. ئاخىرى بىچارىنىڭ قوۋۇرغىلىرى ئېچىلىپ، تاپانلىرى تېشىلىپ، ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. لېكىن ئۇ چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئۆز يولىدا يۈرۈشنى توختاتمىدى.

يىگىت كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلەي ـ ئۆلەي دەپ قالغاندا، يىقىلىپ، قوپۇپ ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلىك بىر جايغا يېتىپ كەلدى. سۆپسۆزۈك چايقىلىپ تۇرغان، قىرغاقلىرىغا كۆز يەتمەيدىغان چوڭ بىركۆل. بۇ كۆل يېنىدا يوغان بىر چىنار باراقسان شاخلىرىنى ئەتراپلىرىغا يېيىپ سۇ بويىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. سالقىن شامالدا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئويىنىشىپ قانداقتۇر سىرلىق بىر ئاۋاز ئاشىق يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. كۆلنىڭ پۈتۈن ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار كۆلنىڭ سېرىق نۇرى ئاستىدا يىراقلاردىن ياپيېشىل دۇخاۋىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئوتلاقلاردا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ياش قىزلاردەك ئەركىلەپ تەلپۈنۈپ تۇرۇشاتتى.

ئاشىق يىگىت بۇ جاينىڭ ساپ ھاۋاسىدەك كۆكسى تويغۇچە نەپەس ئېلىپ ئېغىر بىر تىنىپ: «ئەمدى رودۇپايىنى كۆتۈرۈپ بۇنىڭدىن ئارتۇق يۈرسەم ئۆلمەن. ئاخىرقى قېتىم بار كۈچۈمنى يىغىپ بۇ پالاكەت بىلەن ئېلىشاي، ئەگەر ئۆلسەم ئاجايىپ چىرايلىق خۇش ھاۋالىق جاي ئىكەن، جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالسۇن» دەپ ئويلىدى. ئۇ چىنارغا يۆلىنىپ دەم ئالدى ۋە كۆلنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىچتى. سۇ ئۇنىڭغا كۈچ بەرگەندەك بولدى. ئۇڭدا يېتىپ كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئويىغا ناھايىتى بىر ياخشى پىكىر كەلدى. چىنارنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقتى. چىنارنىڭ كېلىشكەن بىر ئاچىسىغا رودۇپاينىڭ بېشىنى قىسىپ پىشانىسىدىن بېسىپ، بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى.

يىگىت كۆلدىن چايقىلىپ ـ چايقىلىپ يۇيۇنۇپ چىققانىدى. پۈتۈن ئەزالىرى تاپتازا، خۇددى بۇرۇنقى باتۇر يىگىت بولۇپ قالدى.

باتۇر يىگىت بىردىن ئېسىلغان رودۇپايغا قارىدى، ئۇ ناھايىتى سەت ئاۋاز بىلەن چىرقىراپ تىپىرلاۋېتىپتۇ، جاھانىنى تۈتەك بېسىپ ھەرخىل سۈرلۈك ئۈنلەر پەيدا بولدى. دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلدى. گۈللەر توزۇپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆل مۇزلاپ، شۇرىغانلار ئويناپ ھۇشقۇرتتى. باتۇر يىگىت بۇ ھادىسىلەر ئىچىدە ھودۇقۇپ كەتمىدى، غەيرەت ۋە چىدام بىلەن چىنار ئۇستىگە چىقىپ،

رودۇپاينى مىجىپ تاشلىدى.

جاھان كۆلدى، مۇزلار ئېرىپ، ياغاچلار كۆكىرەردى. گۈللەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق چىرايلىق بولۇپ يەنە ئېچىلدى. باتۇر يىگىتنى نەچچە يىللار ئازابلىغان تىلسىم سۇندى. يىگىت ئەمدى ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن ئەركىن نەپەس ئالدى....

ئاخىر بىرىپ - بىرىپ ئۇ گۈلزار ئارىسىدا گۈليارى بىلەن ئۇچراشتى. گۈليار شۇنداق چىرايلىق قىز ئىدىكى،ئۇنى تەسۋىرلەشكە قەلىمىم، سۆزلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

سىلەر ئاشىق يىگىتنىڭ گۈليارى نە قاتارلىق چىرايلىق، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئۆزكۆزۈڭلار بىلەن كۆرمىگىچە مەن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەن، دەپ ماختىنالمايمەن. شۇنداق قىلىپ دۇنيادا بىرىنچى قېتىم رودۇپاينى يانجىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگۈچى گۈليارنىڭ ئاشىقى سانۇبەر دېگەن باتۇر يىگىت بولغانىكەن.

مەن بۇ ھېكايىدىن رودۇپاي دېگەن پالاكەتنىمۇ يوقىتىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ يۈرەتتىم. ئەمما بىزنىڭ باغلاردا رودۇپاي يوق. بىز خاتىرجەم كۈن كەچۈرىمىز، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن ئېسىمىزنى تاپقاندا بايقاپ باقساق،ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بىزنىڭ باغلاردىمۇ رودۇپايلار بار ئىكەن. ئۇلار كۆپچىلىك تېرىپ - تىكىپ ئۆستۈرگەن باغلارغا يالغاندىن باغۋەن بولۇۋېلىپ، خەلققە ئۆزىنىڭ يېتىشتۈرگەن مېۋىسىنى بەرمەيدىكەن. خەلق بولسا، يوقسۇزلۇق، گادايلىقتىن زارلىنىدىكەن. لېكىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىدىغانلار بار ئىكەن. ئۇلار بولسا، رودۇپايلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىلىرىنى ئېچىپ:

— ھاي خالايىق، زارلىنىسىلەر، ئازابتا ئىڭىرايسىلەر، بۇ پالاكەتنى سىلىۋاتقانلار كىم؟ قېنىڭلارنى شوراۋاتقان ئەنە ئاشۇ تەييارتاپ رودۇپايلارنى نېمىشقا كۆرمەيسىلەر!— دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى. خەلقمۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قاراشقا ۋە پالاكەتلىكلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى...

ئاخىر بىزمۇ رودۇپاي دېگەن پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپتۇق.

سانۇبەر رودۇپاينىڭ بوينىنى ئاچا ياغاچقا قىسىپ قويۇپ، بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن بېرى، رودۇپاينىڭ ئەۋلادى بارلىق ياغاچتىن، شۇنىڭدەك تاياق - توقماقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىز مانا شۇلاردىن پايدىلىنىپ بېغىمىزدىكى رودۇپايلارنى تازا دۇمبالىدۇق. ئاي-ھاي...رودۇپاي تاياقتىن شۇنداق قورقىدىكەنكى، بىكار يېتىپ يەپ، سەمرىپ ماڭالماي قالغان پالەچلەر ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچتى.

1945 - يىلى، غۇلجا.

مۇھەررىر: مۇختار تۇردى

## ئەسلي مۇنداقكەندە

كىنو كۆرۈپ باقمىغان بىر دېھقان يازلىق كىنوخانىغا كىنو كۆرگىلى بارسا، ئېكراننىڭ ئالدى تەرىپىگە لىققىدە تاماشىبىن توشۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېكراننىڭ كەينى تەرىپىدە ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئېكراندا بىر قىزنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسى كۆرۈنۈپتۇ. دېھقان ئىچىدە:

— نېمىشقا ھەممىسى ئالدىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇۋاتىدىكىن دېسەم، ئەسلي مۇنداقكەندە! — دەپتۇ.

## ئاگاھلاندۇرۇش

پوچتالىيون يېرىم كۈن دېگۈدەك قولۋاق سىيرىپ، ئاران دېگەندە ئارالغا چىقىپتۇ - دە، ماياكقا قارىغۇچى بوۋاينىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسىنى تاپشۇرۇپتۇ ۋە:

— نېمىدېگەن يىراق، نېمىدېگەن جاپالىق! - دەپ ۋايىساشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي غەزەپلىنىپ ۋارقىراپتۇ:

— يەنە كوتۇلداۋېرىدىغان بولساڭ، مەن گېزىتكە خەتلىنىمەن، جۇمۇ!

## ئامال

بىر ئايال تۆت ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاللا بازىرىغا كىرىپتۇ - دە، ئوغلىنىڭ ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى سۇغۇرۇۋاپتۇ. پىرىكازچىك ھەيران بولۇپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ. ئايال:

— ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ، نەرسىلەرگە قالايمىقان چېقىلالمايدۇ، — دەپتۇ.

# پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا نازارەت قىلىنىدىغان بولدى

خەلق ئىنتېرنېت تورى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مۇنداق بىر مۇھىم ئۇچۇرنى تارقاتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغىنىدىن بۇيانقى تۇنجى ئىچكى نازارەت نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ.

بۇنىڭدا مەملىكەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئۇچۇر شۇكى، بۇ نىزامنامىدا قەيت قىلىنغان ئون نازارەت ئوبيېكتى ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىمۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ نازارەت قىلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

بۇ يەردىكى «باشلىق» دېگەن سۆز «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ باش مەسئۇلى» ياكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلدە ئىشلەيدىغان تارماقلىرىدىكى بىرىنچى باشلىقلار» دېمەكتۇر (ئادەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىمۇ شۇ قاتارغا كىرىدۇ).

شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، بۇ نىزامنامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۇساپە نامايەندىسىدۇر، بۇنىڭ بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار.

بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار دېيىشىمىزنىڭ بىرىنچى مەنىسى شۇكى، ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلققە مۇنداق بىر مۇھىم پوزىتسىيە بىلدۈرۈلگەن:

«چاشقان»نىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز، «يولۋاس»نىڭ ئەدىپىنى تېخىمۇ بېرىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، «چاشقاننىڭلا ئەدىپىنى بېرىپ، يولۋاس بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ» دەيدىغان گەپ پۇقرانىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ بىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە كىچىك ئەمەلدار (چاشقان)لارنىلا تۇتۇپ، چوڭ ئەمەلدار (يولۋاس)لارنى تۇتمايۋاتقانلىقىمىزغا قارىتىلغان تەنقىد.

پۇقرانىڭ نارازى بولۇشى يوللۇق. چۈنكى ئۇلار كۆرۈپ تۇرىدىغان، ھېس قىلىپ تۇرغان چىرىكلىك ھادىسىلىرى باشتىن (يۇقىرىدىن) باشلىنىپ تۆۋەنگە كېڭەيگەن؛ لېكىن تۇتۇلۇۋاتقانلىرىنىڭ ئىچىدە «تۆۋەن»دىكىلەر كۆپ، «يۇقىرى»دىكىلەر ئاز بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە مەنسىپى قانچىكى يۇقىرى، ھوقۇقى قانچىكى چوڭ بولغانلار خىيانەت قىلىدىغان بولسا نەپسى شۇنچە چوڭ، شۇنچە قورقۇنچلۇق ۋە شۇنچە يىرگىنچلىك بولىدىكەن؛ ئۇلار ئۆزلىرى خىيانەت قىلىش بىلەنلا قالماي، خوتۇنلىرىمۇ، ئوغۇل ـ قىزلىرىمۇ، يېنىدىكى كاتىپلىرىمۇ، ھەتتا شوپۇرلىرىمۇ خىيانەت قىلىدىكەن. نىسپىي «كىچىك» ئەمەلداردا بولسا ئۇنداق «ئوڭاي» شارائىت ۋە شۇنداق «ئىقتىدار» يوق.

رېئال ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرسا، «چاشقان»نىلا تۇتۇپ، «يولۋاس»نى تۇتمىساق، پۇقرانىڭ نېمىشقا قورسىقى كۆپمەيدىكەن؟ پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىكنىڭ يىلتىزىنى قانداقمۇ قۇرۇتقىلى بولسۇن؟

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىنى نىزامنامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

ئالاقىدار ستاتىستىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگودا يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە جازا كۆرۈلگەن كادىرلار ئىچىدە بىرىنچى «باشلىق» ناھايىتى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدىكەن. شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىنى كۆزلىيەلىشىنىڭ يىلتىزى پارتىيە ئىچىدە نازارەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىدىن، پارتىيە سىرتىدىكى نازارەتنىڭ جايىغا چۈشمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

مەركىزىي كومىتېت بۇ نۆۋەت چىرىكلىككە قارشى
ھەقىقىي تۇتۇش قىلىدىغان بولدى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى
شۇكى، ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان نىزامنامىدا تەپسى-
لىي ۋە كارغا يارايدىغان نازارەت چارىلىرى بەلگىلەنگەن.
مەسىلەن، سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخ-
سىي ئەھۋالىدىن قەرەللىك مەلۇمات بېرىشى لازىم ئىكەن؛
ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاش قىلىش، تەكلىپ بې-
رىش ۋە دەرد ـ ھالىنى بايان قىلىش ھوقۇقلىرى تېخىمۇ
ئېنىق بەلگىلەنگەن. مەركىزىي ئىنتىزام كومىتېتىغا سۇنۇل-
غان ھەرقانداق ئىمزالىق پاش قىلىش خەتلىرىگە بەلگىلىك
ۋاقىت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇلىدىكەن. يەنە مەسىلەن،
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىغا، ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا
نازارەت قىلىشتىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى
ھەتتا كاتىپ ۋە شوپۇرلىرى توغرىسىدىمۇ قاتتىق ئىنتىزام
بەلگىلىمىلەر بار ئىكەن.

مانا بۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يېڭى بىر
نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چىرىكلىككە قارشى
تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈش ئىرادىسى جەھەتتە،
خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىش
جەھەتتە زور ھەم ئۈنۈملۈك قەدەم باسقانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار دېيىشىمىزنىڭ يەنە بىر مە-
نىسى شۇكى، ئۇ نىزامنامە پارتىيىمىزنىڭ چىرىكلىككە
قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈپ، ھاكىمىيەتتە خەلقنى
كۆزلەيدىغانلىقىنىڭ ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. دۆلەت
داھىيسى ماۋزېدۇڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شى-
بەيپودا ئەۋلىيادەكلا پۈتۈن پارتىيىنى «ئىككى زۆرۈر»نى
قولدىن بەرمەڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرغان؛ دۆلەت يېڭى
قۇرۇلغان مەزگىلدە پارتىيە ئىچىدە بىرىنچى قېتىم پەيدا
بولغان خىيانەتچى ئەمەلدارغا — جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى سابىق تيەنجىن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ سېك-
رېتارى ليۇچىڭشەنگە، سابىق تيەنجىن ۋالىيسى جاڭ زې-
شەنگە كەسكىنلىك بىلەن چارە كۆرگەن؛ دۆلەت قۇرۇل-
غاندىن كېيىن يەنە پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى
خىيانەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق ناھايىتى زور جىنايەتتۇر،
دەپ ئاگاھلاندۇرغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ «چاتاق
چىقسا پارتىيىمىزدىن چىقىدۇ»، «پارتىيىنىڭ ئىستىلى
مەسىلىسى پارتىيىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك
زور مەسىلە» دەپ پۈتۈن پارتىيىنى بىر قانچە قېتىم ئا-
گاھلاندۇرغان. يولداش خۇجىنتاۋ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇرو-
سىدىكى ئاساسىي يولداشلارنى شىبەيپوغا باشلاپ بېرىپ،
يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى زۆرۈر»نى
كوللېكتىپ يادلىدى.

ئەمدى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا
سۈرۈش جەھەتتە قىلغان بەزى باسقۇچلۇق «جەڭ»لە-
رىمىزنى ئەسلەپ كۆرەيلى: ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا چوڭ
يەپ، چوڭ ئىچىش باسقۇچىدىن سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا
ۋە ئويۇن ـ تاماشا قىلىشقا يول قويماسلىق باسقۇچىنى
بېسىپ ئۆتتۇق، ئۇلاردىن كېيىن مېھماندارچىلىق ئويناشقا،
سوۋغا ـ سالام سۇڭغۇتۇشقا يول قويماسلىق باسقۇچىنى
باستۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل كونۋېرتلىق سوۋغاتلار-
نى ئېلىشقا يول قويماسلىق باسقۇچىنى باستۇق. ئۇنىڭدىن
ئۆتۈپ مانا ئەمدى پارا بېرىشكە، پارا ئېلىشقا يول قوي-
ماسلىق باسقۇچىدا كېتىۋاتىمىز، پارتىيە ئىچىدە نازارەت
قىلىش نىزامنامىسى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.
دېمەك، بۇ باسقۇچلۇق «جەڭ»لەر بىرىدىن بىرى كەڭ،
بىرىدىن بىرى چوڭقۇر، بىرىدىن بىرى ئەستايىدىل ۋە
بىرىدىن بىرى ئەمەلىي بولدى ۋە بولماقتا.

«شاھزادە گۇناھ قىلسىمۇ پۇقراغا ئوخشاش جازاغا
تارتىلىدۇ». بۇ سۆز بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئاغ-
زىمىزدىن چۈشمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال نېمىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ؟ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، چىرىكلىك جۇڭ-
گودا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يىلتىزىنى
ھايت ـ ھۇيت بىلەنلا قۇرۇتۇپ تۈگىتىش مۇمكىن ئە-
مەس. لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىز
باستۇرۇپ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان باسقۇچلۇق «جەڭ»لە-
رى جۇڭگو پۇقرالىرىغا ئىستىقبالىنى ھەقىقىي يوسۇندا
كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى، كۈچ ـ قۇۋ-
ۋىتىنى توپلىدى، روھىنى ئۆستۈردى. پارتىيىنىڭ ئېلان
قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان نازارەت نىزامنامىسى ھەققىدە
پۇقرا ئىچىدە: پارتىيە پۈچەك گەپ قىلمايدىكەن، ئەمەلىي
ئىش قىلىدىكەن، دەيدىغان گەپلەر بار.

2004.2

بۇ گەپ نىمە؟ بۇ گەپ خەلقنىڭ رايى! بۇ گەپ خەلقنىڭ روھىي ھالىتى!

بۇرۇنقىلار: يوللۇقنىڭ ئىشى ئۇڭ، يولسىزنىڭ ئىشى تولڭ، دەپتىكەن. يول دىگەن نىمە؟ يول دىمەك خەلقنىڭ ئىرادىسى دىمەكتۇر، خەلقنىڭ رايى دىمەكتۇر؛ يول دىمەك جامائەتنىڭ كۆڭلى، تەبىئەتنىڭ قانۇنى دىمەكتۇر!

بۆلەكچە ئەھمىيتى بار دىيىشىمىزنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىدىغان، بىشى قانداق باشلانغان بولسا ئايىغى شۇنداق چىقىدىغان نەمۇنە رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ مەسىلىنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مۇنداق بىر ئىغىز سۆزى ناھايىتى ئوبدان يىشىپ بىرىدۇ: «سىياسي يول قارارلاشتۇرۇلغاندىن كىيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.»

بۇ يەردىكى «كادىر» دىگەن سۆز رەھبەر دىمەكتۇر. رەھبەرنىڭ رەھبەرلىك قىلالىشى رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلاردىن ئەۋزەل بولۇشىغا باغلىق. ئۇنداق بولمىسا ئۇ رەھبەر ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ بولالمايدۇ، ئاممىمۇ ئۇنىڭغا بويۇن بەرمەيدۇ.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈش، ھاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەش جەھەتتە ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىكى رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىلا چىڭ تۇتۇپ كەلمەستىن، پارتىيىنىمۇ چىڭ تۇتتى. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، ئىبلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ ئىچكى نازارەت نىزامنامىسىنىلا ئالساق، مەركىزىي كومىتېت ئۇنى 1990 ـ يىلدىلا ئىغىزغا ئالغاندى. مەسىلىنى دەپتەرگە ئولتۇرغۇزۇپ دەلىللەپ، لايىھىسىنى يىزىپ چىقىشتىن تارتىپ تۈزىتىشكىچە ئىلگىرى ـ كىيىن بولۇپ، 13 يىل ۋاقىت ئۆتكەن. مەركىزىي كومىتېت بۇلتۇر تەشكىللىگەن سەييارە تەپتىش گۇرۇپپىسى ھەرقايىسى ئۆلكە، رايونلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى بىرىنچى باشلىقلار ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلدى، بۇ ئىشمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ «نىزامنامە»نى ئەمەلگە قويۇپ سىناپ كۆرۈشتۇر.

مەركىزىي كومىتېتنىكى ئاساسىي رەھبەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئۈلگىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدا ۋە ھەرقايىسى كەسىپ، ھەرقايىسى ساھەدە چىرىكلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. «شەرققە نەزەر» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قاردغاندا، پەقەت 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇيانلا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق نامۇناسىپ ساقچىنى سۈپۈرۈپ چىقارغان؛ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 6 ـ يانۋاردا بېيجىڭدىن تارقاتقان تېلېگرامما خەۋىرىگە قارىغاندا، ئوقۇتۇش ھەققىنى يولسىز ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىن 400 گە يىقىن مەكتەپ مۇدىرى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغان؛ ۋۇخەن شەھىرىدە 13 نەپەر سوتچىغا جىنايى جازا بىلەن چارە كۆرۈلۈپ «كەشى توغرىلانغان». يەنە بىر مۇنچە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مىزى چۇۋۇلۇپ چىقتى. مانا بۇلار مەركەزنىڭ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ۋە تۆۋەندىكىلەرنىڭ چىرىكلىككە قارشى بىردەك قىلغان جەڭلىرىنىڭ نەتىجىسى.

ئەمەلدار بولغان ئادەم باشقىلارنىلا باشقۇرسا، شۇ ئەمەلدارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىسا، ۋاقىت ئۇزارغاندىسىرى ئۇ ئەمەلدار خالىغىنىنى قىلىدىغان باشباشتاق بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن قارا قورساق خىيانەتچى ئەمەلدار كۆپىيىپ، رەڭۋازلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بويايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەيدۇ، پارتىيىگە چاك كىتىدۇ، دۆلەت خارابلىشىدۇ. ئەكسىچە ئىيتقاندا، مەنسى ھەرقانچە يۇقىرى، ھوقۇقى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇردىغان، پىشنى تارتىپ تۇرىدىغان ئادەم بولسا، ئەمەلدار پاك تۇرىدۇ، خىزمىتىنى قەدىرلەيدۇ، يەكدىللىق بىلەن خەلقنىڭ غىمىنى يەيدۇ، پارتىيىمۇ تەبىئىي ھالدا قۇدرەت تاپىدۇ، دۆلەتمۇ گۈللىنىدۇ، ئاممىمۇ رازى بولىدۇ.

مەن ئويلايمەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى تۇنجى نازارەت نىزامنامىسىنىڭ ئىبلان قىلىنىشىنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك.

---

ياۋتەيخې ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 19 ـ يانۋار سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

توختى باقى ئارتىشى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# سىياسىي گۆدەكلىك كېسىلى



ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل ماۋزېدۇڭنىڭ تۇ-
غۇلغانلىقىغا 110 يىل بولغان يىل. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن
ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بىر مۇنچە ئىشلار خىيالىمغا كې-
لىپ قالدى. شۇ ئىشلاردىن بىرى ئۆز ۋاقتىدا مېنى بىر
قانچە قېتىم قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان. 1959 - ، 1961 -
يىللىرى قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنىدى. ماۋزېدۇڭ
يېزىلاردا بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ئاچارچىلىقتىن تىرىك ئۆ-
لۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، گېلىدىن تاماق
ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ
يىغلىغان. ئەسلىدە قورداقنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئادەم
شۇنىڭدىن باشلاپ يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ قاتارىدىن
قورداقنى توختىتىۋېتىپ، قەھەتچىلىكنى - جاپا - مۇشەق-
قەتنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە تارتىپ ئۆت-
كۈزۈشكە نىيەت باغلىغان. داھىينىڭ خەلق بىلەن خۇددى
گۆش بىلەن قاندەك ئايرىلماس مۇناسىۋەتتە
بولغانلىقى، دەردنى تەڭ تارتىۋاتقانلىقى مەن-
دەك بىر پۇقرانى تەسىرلەندۈردى. كۆزلى-
رىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. ماۋزېدۇڭنىڭ
مانا مۇشۇ ئىشى كادىرلارنىڭ ئاممىغا ئارىلى-
شىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەشتە
ئۈلگە بولۇشىغا، كەلگەن دەردلەرنى تەڭ
تارتىشقا تۈرتكە بولۇشتا خېلى چوڭ رول
ئوينىغانىدى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن
بولسىمۇ، جۇڭگودا پۇقرالار ماۋزېدۇڭنىڭ
قورداق يېيىشنى توختىتىپ قويغانلىقى توغ-
رىسىدىكى لەتىپىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

ئەستاغپۇرۇللا، يېقىندا كۆزۈم چۈشكەن
بىر ماتېرىيال كۆڭلۈمنى تولىمۇ غەش قىلدى.
ۋاڭ داخېي ئەپەندى ئەسلىدە «قاش - كۆزى
خېلى كېلىشكەن بىر قىز بالا» يازغان «مەر-
كەزدىكى باشلىقلار بىلەن تانسا ئوينىغان
كۈنلەردە» سەرلەۋھىلىك خاتىرىنى نەقىل
كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ئەينى ئەھۋالنى بايان
قىپتۇ:

ئەسلى دېڭىز ئارمىيە ساناتورىيىسىدە
سېسترا بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان
شۇ قىز خاڭجۇدىن بېيجىڭغا «ناھايىتى مۇ-
ھىم سىياسىي ۋەزىپە»نى ئورۇنداش - باش-
لىق بىلەن تانسا ئويناش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ۋاقتى: «ئوڭ-
چىلارغا قارشى» 1957 - يىلىدىن «مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى» قوزغالغان 1966 - يىلغىچە. ئورنى: جۇڭنەنخەينىڭ
زىڭگۇاڭگې دېگەن ئىچكى ئورۇدىسىدا. ئۇ يەردە ھەر كۈنى
دېگۈدەك تانسا ئويىنىلىپ تۇرىدىكەن. ماۋزېدۇڭ ئۇ
يەرگە دائىم بېرىپ تۇرىدىكەن، ھەتتا «باشتىن - ئاخى-
رىغىچە تانسا ئويناپ تۇرىدىكەن، يەنى كەچ سائەت 7 - 8
دىن باشلاپ ئوينىغانچە سائەت 11 - 12 لەرگىچە ئويناپ،
ئاندىن تارقىلىشىدىكەن. مېنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرگىنى
تانسا ئارىلىقىدىكى كاتتا زىياپەت - قورۇلغان مېغىز، ئې-
سىل بانان، ياغلىق توقاش، ھەممىسى تەل يەل - يېمىش
(مېۋە - چېۋە)؛ كېچىلىك غىزا «بېلىق، گۆش - ياغ»
ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شياڭگاڭدىن كىرگۈزۈلگەن
«كۆرۈپ قويۇشقا بولىدىغان كىنو»لارمۇ بار ئىكەن.





www.uyghurkitap.com

دېمەك قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن ئۈچ يىل ئىچىدە ماۋزېدۇڭنىڭ قورداق يېيىشنى توختىتىپ قويغانلىقى راستمۇ ياكى يالغانمۇ، بىر ئاز دەرگۇمان بولۇپ قالدىم. تېخىمۇ دەرگۇمان بولۇۋاتقىنىم شۇكى، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن تانسا ئويناش قانداقسىگە «ناھايىتى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە» بولۇپ قالىدۇ، بىللە تانسا ئويناشنىڭمۇ «سىياسىي» ئىشقا ئايلىنىپ قالغانلىقى بىزگە ھەقىقەتەن سىياسىي گۆدەكلىك كېسىلى چاپلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ ئىككى ئالامىتى بار: بىرى ـ سىياسىيونلارنىڭ ھەر بىر سۆزىنى، ھەر بىر ھەرىكىتىنى، شۇ جۈملىدىن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان يەپ ـ ئىچىش، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىشلىرىنىمۇ ـــ قارا ـ قويۇقلا «سىياسىي ئىش، ھەرىكەت» دەپ قاراپ، شۇلاردىن زور «سىياسىي ماھىيەت» تېپىشقا ئۇرۇنۇش. يەنە بىرى ـ ھەرقانداق بىر خىزمەتنى، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا، شۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىدىن ياكى مۇھىمسىزلىقىدىن، چوڭ ياكى كىچىك ئىشلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھەدېگەندىلا «سىياسىي ۋەزىپە» دېگەننى دەستەك قىلىش، ئەنە شۇنىڭ سايىسىدا «سىياسىي»نى ھەممە ئىشقا چات كېرىيەلەيدىغان سېھىرلىك كالتەككە ئايلاندۇرۇۋېلىش؛ ئەمەلدارلارمۇ، پۇقرامۇ «سىياسىي»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ «سىياسىي»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، نەچچە يۈز مىليون ئادەمنىڭ ھەممىسى گويا سىياسىيون بولۇپ كەتكەندەك بىر ھالەتنى پەيدا قىلىش.

سىياسەتپەرەسلىك ھادىسىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىشى ئەمەلىيەتتە سىياسىي ھوقۇقنى ئورۇنسىز ئىشلىتىشكە باغلىق. ماۋزېدۇڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناشنى ئالايلى. داھىيمۇ ئادەم، ئۇمۇ ئەلھەق دەم ئالىدۇ، تاماشا بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ، تانسا ئوينايدۇ، راھەت قىلىدۇ، بۇلارمۇ ئىنسانچىلىقتا بولىدىغان ئەھۋال؛ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قول بوشىغان ۋاقىتتىكى پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي شەخسىي تۇرمۇشقا ياتىدىغان ئۇششاق ئىش، بۇلارنىڭ سىياسىيغا، مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىلەرگە قىلچە داخىلەتچىلىكى يوق.

لېكىن بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ نەزىرى بۆلەكچە. ئۇلار ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئاڭ»لىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، گويا ماۋزېدۇڭنىڭ تانسا ئوينىشىمۇ قالتىس چوڭ سىياسىي ھەرىكەتتەك، ماۋزېدۇڭ بىلەن تانسا ئويناشنى «ناھايىتى چوڭ سىياسىي ۋەزىپە» قىلىۋالغان.

بۇ يەردە سىياسەتپەرەسلىك مۇنداق بىر چەككە يەنى سىياسىيونلارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن خىزمەت سىرتىدىكى تۇرمۇشىنىڭ پەرقىگە كۆز يۇمغان. سىياسىيونلارنىڭ يەپ ـ ئىچىشنى، كىيىم كىيىشىنى، يېتىپ ـ قوپۇشىنى، ئويۇن ـ تاماشا قىلىشىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلىرىنى «سىياسىي» ئىش دەپ قاراش ـــ بۇ ھەقىقىي سىياسىي ئىش ـ ھەرىكەتنى پەسلەشتۈرۈش ۋە مازاق قىلىش بىلەن ئوخشاش بىر ئىش.

سىياسەتپەرەسلىك قىلىدىغان گۆدەكلىك كېسىلىدىن چېنىپ چىقىپ قالىدىغىنى ـ «سىياسىي»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىدۇر. بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ قىسلىقىدۇر، ھەتتا «سىياسىي»نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى زادىلا چۈشەنمەسلىكىدۇر.

مەلۇم ئادەملەرنىڭ «سىياسىي ۋەزىپە»نى دەستەك قىلىپ، باشقىلارغا شۇنداق سۇلايمان قالپىقىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنى خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ۋە ئۆكتەملىكىنىلا بىلدۈرىدۇ، خالاس.

«سىياسىي» دېگەن ئامىل سىياسىيونلارنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە تۇرغان، بىر مۇنچە سىياسىي سىرلار سىر ساندۇقى ئىچىگە بەند قىلىپ قويۇلغان، جامائەتنىڭ سىياسىي ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بىر ۋاقىتتا سىياسىي گۆدەكلىك كېسىلىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋال ئەمەس.

لېكىن ھەرقانداق شەيئى چېكىگە يەتكەندە ئاينىماي قالمايدۇ. سىياسەتپەرەسلىك چېكىگە يېتىپ، سىياسىي دەسمايىلىرى خوراپ تۈگىمەي قالمايدۇ. سىياسەتپەرەسلىك ھادىسىسى دەۋر سۈرۈپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، ئەنە شۇ چاغدا سىياسىي ئىشەنچ كېمىيىدۇ، خەلقتە سىياسىي سوغۇقچىلىق كۈچىيىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تەرەققىيات تارىخى ئومۇمەن ئەنە شۇنداق بولدى.

لىي فېڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 13 ـ يانۋار سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

توختى باقى ئارتىشى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇلار دېھقان بولغاچقا



2004 . 2

مەن بىنا ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك قارا ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە دېھقاننى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارغا قىلدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويۇپ، خىزمەتكە كەتتىم. ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، قوشنا موماي مېنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، سىرلىق قىلىپ: ــ خەلق ئىشچىلىرى دېگەننىڭ ھەممىسى ساپلا ئوغرى، لۈكچەك، بۇلاڭچى، كاززاپ بىر نېمىلەر، نېمىدەپ ئۇلارغا ئىشىنىسىز، كاللىڭىزنىڭ بىرەر ۋىنتىسى كەم ئوخشىمامدۇ؟ــ دېدى.

مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

شىمالدىن چىقىدىغان بىر گېزىتكە، زېمىستان قىشتا يېلىڭ كىيىم بىلەن ئەسكى چېدىردا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان بىر توپ دېھقانلارنىڭ كۆرۈنۈشى بار بىر سۈرەت بىلەن بىللە بىر پارچە خەۋەر بېسىلىپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە يازىچە ئىشلەپ، بىر تىيىنمۇ ئالالمىغان، يەيدىغىنى يوق، كېتىشكە يول كىراسى تاپالماي، چاغان ئۆتكۈزەلمىگەن خەلق ئىشچىلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە كۆزلىرىدىن تۈگىمەس غەم ـ قايغۇ چىقىپ تۇراتتى.

تۆمۈريولنىڭ باھار بايرىمىدا كىرا ھەققىنى ئۆستۈرۈش خۇسۇسىدىكى بىر يىغىندا، دېھقانلارنىڭ بىر ۋەكىلى ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا ئۆزىنىڭ ئىش تاپمىغىنىڭ تەس بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ باھار بايرىمى مەزگىلىدىكى يول كىراسىنى ئۆستۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلغان. ئەمما، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىغان، گەرچە ئۇ يۈز مىليوندىن كۆپرەك خەلق ئىشچىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئاجىزلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىگۈدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

مەلۇم بىر جايدىكى بىر ئاممۋى ھاجەتخانىنىڭ

تېمىغا: «خەلق ئىشچىلىرىنىڭ بۇ ھاجەتخانىغا كىرىشكە رۇخسەت يوق!» دېگەن خەت چاپلاپ قويۇلغان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئېھتىمال خەلق ئىشچىلىرىنىڭ دېھقان بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك. مۇبادا سىز «بۇ زادى نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىسىڭىز، بۇنداق كىچىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

مەلۇم بىر جايدىكى مەدىكارلار بازىرىدا: «ئۈچ پۇتى بار پاقىنى تاپماق تەس، ئەمما ئىككى پۇتلۇق دېھقانلار ھەممىلا يەردە ساماندەك» دېگەن بىر گەپ تارقالغان. بۇ گەپ ناھايىتى مەنىلىك بولۇپ، ئېھتىمال ئۇنىڭدىن خەلق ئىشچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى پاقىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دېگەن مەنا چىقسا كېرەك.

تېلېۋىزىيە فىلىمى «ھېسسىيات يالقۇنجىغان يىللار»دا بىر قانچە دېھقاننىڭ ئوبرازى دەلدۈش، پەسكەش، ئادەم ئىسكەتى يوق قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئازراقمۇ قايناق ھېسسىيات يوق، ئۇلاردا بارى پەقەت دۆتلۈك ۋە غەلىتە تۇرۇق ئىدى. ئېھتىمال بۇمۇ «فىلىم ۋەقەلىكىنىڭ ئېھتىياجى»دىن بولۇشى مۇمكىن.

بىر پارىخور ئەمەلدار ئۆزىنىڭ جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىش جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ: «مەن دېھقاننىڭ ئوغلى، ئىلگىرى كوللېكتىپقا ناھايىتى ئورغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بەرگەنىدىم. ئىدىيە ئۆزگەرتىش بوشىشىپ كەتكەنلىكتىن جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدىم» دېگەن. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن تىلغا ئېلىپ باقمىغانىكەن.

بىر پۇلدار:

ــ ھەي ئىشلەمچى! قول تېلېفونىم سۇ كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتتى، تېپىپ بەرسەڭ، ساڭا كۆپ سۈيۈنچە بېرىمەن، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىككى دېھقان كۆلچەككە چۈشۈپ خېلى ئۇزاققىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قول تېلېفونىنى زادىلا تاپالماپتۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشى پۈتۈنلەي سېسىق لاي، پاسكىنا سۇلار بىلەن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. پۇلدار بولسا بۇنى كۆرۈپ:

ــ ھا... ھا... ھا... بۇ ئىككى ئەخمەققە قاراڭلار! ئۇلار مەن نېمە دېسەم شۇنىڭغا ئىشىنىدىكەن، ــ دەپلا غادايغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

«يۇمۇر ۋە تىكەن» ژۇرنىلىدا يۇرتىغا قايتقان ئۈچ خەلق ئىشچىسىنىڭ بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمى بېرىلگەن. رەسىمدىكى بىر خەلق ئىشچىسىنىڭ يەتتە ئەزايى ساق بولۇپ، قولىدا پۇل يوق قۇپقۇرۇق، يەنە بىرسىنىڭ بەلىكى يارىلىنىپ گىپىس بىلەن تېڭىلغان، قولىدا بىر تۇتام پۇل بار، ئېنىقكى، ئۇ قولىدىكى ئاشۇ پۇل ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن. يەنە بىرسىنىڭ بولسا پۇتى سۇنۇق، ھاسىغا تايىنىۋالغان، قولىدىكى پۇل ئالدىنقىسىنىڭكىدىن سەل كۆپرەك. دېمەك، ئۇ بۇ پۇللارنى ئاشۇ سۇنۇق پۇتىغا تېگىشكەن گەپ. بۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشماي قالمايدۇ.

بىر ئەمەلدار پاھىشىۋازلىق قىلىۋاتقاندا ج خ خادىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ج خ خادىملىرى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. قارىغاندا، دېھقاننىڭ ھالقىلىق پەيتتە جىنايەتنى ئارتىپ قويۇشقا ئەسقاتىدىغان قۇربانلىق رولىمۇ بار ئوخشايدۇ.

بىز دائىم بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ: «ئەپتىڭگە قارىغىنا، دېھقانغىلا ئوخشاپ قاپسەن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلايمىز. دېھقان دېگەن نېمە؟ ئۇ بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئىجابىي مەنىدىكى سۆز ئەمەس، ئەنئەنىۋى، چېچەن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭ بۇ يەردە قانداق مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ.

«ئالاھىدە رايون ساقچى ئەمەلدارى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مەلۇم جايدىكى بىر خەلق ئىشچىسى ناھايىتى ئېگىز رىشاتكىنىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئومۇرتقىسى سۇنۇپ پالەچ بولۇپ قالغان. تاش يۈرەك خوجايىن ئۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مەيدانىغا ئېلىپ بارغان. بەختكە يارىشا، دەپنە قىلىش مەيدانىنىڭ خادىمى ئەستايىدىل ئادەم بولغاچقا، تىرىك ئادەمنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلالمايمىز، دەپ بۇنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارە خەلق ئىشچىسى تىرىك تۇرۇپلا دەپنە ئوچىقىغا يەم بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان، ئەمما ئۇ ئۇزاق ئۆتمەستىن قورقۇنچ ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان چەكسىز ئۈمىدسىزلىكلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە قوشۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، تىرىك ئادەمنىڭ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

---

مۇپىجى ئىمزالىق بۇ ئەسەر خەنزۇچە «تاللانغان فېليەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2003 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن ئېلىندى.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

# قاراڭلار بۇ سەتچىلىكنى





دالىيەن تەۋەسىدىكى جۇاڭخې شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تاسادىپىي ئوت ھادىسىسى پەيدا بولدى. شۇ ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، دالىيەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە باردۇ، لېكىن جۇاڭخې شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ. كېيىن مەلۇم بولدۇكى، شەھەرلىك مائارىپ باشلىقى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى ماشىنا توختىتىدىغان شەخسىي گاراژى ئىچىدىكى مەھكەم قۇلۇپلانغان پىكاپ ئىچىدە ئۆلۈپ قاپتۇ، پىكاپ ئىچىدە يەنە بىر ئايالمۇ ئۆلۈك يېتىپتۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ تېگىشلىك جايىدا كىيگىلىك ئەمەس ئىكەن ...

ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، پىكاپ ناھايىتى ھەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋانى تەڭشەپ تۇرىدىغان شامالدۇرغۇچ ئىشلەپ تۇرغاچقا، ماشىنا ئىچىدىكى ئوكسىگېن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈگەپ كەتكەن، بۇنى ئىككىلەن دەسلەپتە سەزمەي قالغان، كېيىن دېمى سىقىلغاندا ئۆلگۈرەلمەي قالغان ـ دە، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن.

بۇ ۋەقە «مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پىكاپ ئىچىدە سەتچىلىك بىلەن ئۆلگەن» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن خەۋەر قىلىنغانىكەن. شۇنداق ئوقۇپلا بۇ بىر بىمەنىلىك ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. كېيىن ئىنچىكىلەپ ئويلاپ قارىسام، «سەتچىلىك بىلەن ئۆلگەن»لا ئەمەس، يەنە باشقا تەرەپلىرىمۇ، باشقا ئامىللار بىلەن سەتچىلىككە قېلىشى كېرەك ئىكەن.

بىرىنچىدىن، شۇ مائارىپ باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ سەتچىلىكى. پېشۋالاردىن خەنيۈي: ئۇستاز دېمەك ـــ تەرىقەتنى ئۆگەتكۈچى، ئىلىم بەرگۈچى، مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرگۈچى دېمەكتۇر، دەپتىكەن. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دېمەك مەخسۇسلا «تەرىقەتنى ئۆگىتىدىغان، ئىلىم بېرىدىغان، مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىدىغان» ئۇستاز دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئۈلگە بولمىقى پەرز. ئۇنىڭ شامالدۇرغۇچى ئىشلەپ تۇرغان پىكاپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاشنىسى بىلەن شۇنداق قىپيالىڭاچ ھالدا ئۆلۈپ قالغانلىقى گويا ئاغزى بىلەن يۈرىكى بىر بولماسلىق يوللىرىدىن، بۇزۇقچىلىق ـ زىناخورلۇق ھۈنەرلىرىدىن، يەنى «ئىلمىي تەرىيەت»تىن دەرس بەرگەنلىكىدۇر، جىنسىي ئازادلىقنى، جىنسىي خەۋپسىزلىكنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە يولدىن ئازدۇرغانلىقىدۇر.

ئادەم ھامىنى ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايدۇ، ئادەتتە تۈزۈك تۇرغان باشلىق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خىزمەت ئورنىدا ئۆلمەي، ئادەتتە يېتىپ ـ قوپىدىغان كارىۋىتىدىمۇ ئۆلمەي، مەكتەپكە ئوت كەتكەن، ھەممە ئادەم باشلىقنى ئىزدەپ يۈرگەن چاغدا، چىرايلىق بېزەلگەن پىكاپ ئىچىدە ئەيش ـ ئىشرەت قوينىدا ئۆلگەن، مەنسەپنىڭ يۈقىرىلىقى، ئىنسانىي تەبىئىتىنىڭ پەسلىكى ئالدىدا شۇنداق چانغان. پېشۋالاردىن ساۋشۆچىن: «پەس ئادەمنىڭ قىلىقى سەت بولىدۇ» دەپ تولىمۇ جايىدا ئېيتقان ئىكەن.

ئىككىنچىدىن، جۇاڭخې شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ سەتچىلىكى. جۇاڭخې شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى يولداشلار

«ھېلىقى ئەھۋال»نى كۆرگەندىن كېيىن، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بىر ھازا ئويلىنىپ، شەھەرلىك پارتكومغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلگەن. شۇ چاغدا شەھەرلىك پارتكوم رەھبىرى ئۇلارنى خاتا مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان. چۈنكى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئادەتتە ھەممە جەھەتتىن ئىپادىسى ياخشى ئىكەن. لېكىن پارتكوم رەھبەرلىرى ۋەقە تۇغۇلغان يەرگە بېرىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن «بۇ ئەھۋالنى شەھەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئامالى يوق»دەپ ئويلىغان. مائارىپ باشلىقىنىڭ ئادەتتە قالدۇرغان تەسىراتلىرى نەق مەيداندىكى رەسۋاچىلىقى بىلەن شۇنداق كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ پەرقلىنىپ تۇرسا، پارتكوم رەھبىرى بولغان ئادەم بۇنىڭغا ئوسال بولماي قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىنى، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە چاتاق بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان كاتىپنى ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلەپ كەلدى، كۆنۈكۈپ قاپتۇق، قولغا قول بولۇپ ئىشلەشكە يارايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئالدى – ئارقامدا جاپا چېكىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىغىمۇ بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنى نەزەرگە ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، دەپ ئويلاپ، مۇئاۋىن باشلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەندى، ئىككى يىل چاتاق – پاتاق يوق ئوبدان ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەسئۇل ۋەزىپىگە، كادىرلارنى ئۇيان – بۇيان قىلىش ھوقۇقىمۇ، مالىيە ھوقۇقىمۇ بار ئىدارە باشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەنىدى. سىرتىدىن تۈزۈك، سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بىر ئادەمنىڭ ئىچىدىن بۇزۇق، زىناخور بولۇپ چىقىشىنى كىم بىلسۇن؟! بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلىغاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! ئادەمنى ئۆز لايىقىدا تاللىيالمىغانىكەنمەن، جاۋابكارلىقتىن باش تارتالمايدىغانلىقىم تەبىئىي، پارتكوم رەھبىرىنىڭ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆز سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن خىجىل بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالنى «شەھەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئىلاجى يوق»، ئۇ ئوسال بولۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتماي قانداق قىلسۇن؟!

ئۈچىنچىدىن، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، كادىرلارغا نازارەت قىلىپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ سەتچىلىكى، ئۆلگۈچىنىڭ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلگىنىگە قەدەر بولغان جەرياندا يىلمۇيىل ھەر جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈشىدە گەپ يوق. ئىدارە باشلىقى ئورنىدا بىر نەچچە يىل ئىشلىيەلىگەنىكەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئاممىنىڭ پىكىر سىنىقىدا، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشلىرىدە لاياقەتلىك بولۇپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلىنىڭ چىگىش – تۈگۈنى ئەنە شۇ يەردە. ئۆلگۈچى پارتىيىنىڭ «يەر ئاستى خىزمىتى»نى ئىشلەشتىن ئۆسۈپ چىققان بولسا، مەخپىي ھەرىكەتلىرىدە چاندۇرۇپ قويغان يەرلىرى يوقمىدۇ؟ باشقا ئادەملەر بىلەن زىنا قىلغان چاغلىرىدا باشقىلارغا زادىلا سەزدۈرمىگەندۇرمۇ؟ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى، نەتىجىلىرىنى تەكشۈرگەندە ئاز – پازمۇ ئەكس ئەتتۈرەلمىگەندۇرمۇ؟ ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا پەرۋا قىلىنمىغاندۇرمۇ؟ تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىشلىك قىلىش ئىشخانىلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش – تەپتىشلىك ئىدارىلىرى ھەقىقەتەن ئادەتتە ھېچقانداق بىر ئۇچۇر تاپالمىغاندۇرمۇ؟ گەپنىڭ لوندىسىنى قىلغاندا، بۇنداق سوئاللار مەۋجۇت بولسا كېرەك. گەپ شۇ يەردىكى، بۇ مائارىپ باشلىقى چوڭ بىر ئىدارىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولۇپ خىزمەت ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «كاتتىۋاش»لارنىڭ جان جىگەر ئەركىسى، ئادەتتە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىپتۇ دېسە ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭدىن چاتاق تاپىدىغان ئادەممۇ يوق؛ ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىپتۇ، تەكشۈرۈپ باقايلى دەيدىغان ئادەممۇ يوق، ئۇچقۇندەك كىچىككىنە بىرەر مەسىلىسى چىقىپ قالسىمۇ ئۆزى بىر ئامال قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ. خوجا كۆرسۇنگە چىقىرىپ قويۇلغان كۆزىتىش – تەكشۈرۈش فورمىلىرى، بىرىنچى باشلىققا قۇربى يەتمەيدىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىشلىك ماقاملىرى ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ۋە سىرتىدىكى تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان سەتچىلىكلەرنى ئوت ھادىسىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ قويىدى.

«ئۆمرۈم دەرد – ئەلەم ئىچىدە ئۆتتى، ئەجىلىم راھەت – پاراغەت ئىچىدە توشسۇن» بۇ، ئاتا – بوۋىلىرىمىزدىن قالغان پەندى – نەسىھەت. ھېلىقى مائارىپ باشلىقى راھەت – پاراغەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەيش – ئىشرەت ئىچىدە ئەجىلىنى تېپىپ، ھەقىقەتەن يېڭىلىق ياراتقان. بۇ رەسۋاچىلىقنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزى ھېس قىلالمايدۇ، ئوساللىقنىمۇ ياخشىلىقتا تارتىدىغان تەرەپلىرى بار، ئوسال بولغانلارمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىققەت – ئېتىبارىنى جەم قىلىپ، ئوساللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالقىلارنى ئادەملەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، تەپتىش – نازارەت قىلىش تۈزۈملىرى دېگەندەك جەھەتلەردىن ئەستايىدىل توغرىلىسا، شۇنىڭغا ئوخشاش سەتچىلىكلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن.

---

جۇجاۋلۇڭ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2004 – يىل 6 – فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

توختى باقى ئارتىشى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# غەم ـ قايغۇنىڭ مەنبەسى

2004.2

دۇنيادا شۇنداقمۇ غەلىتە ئىش بار، سىز مەلۇم بىر نەرسىدىن قانچىكى قاچقانسېرى، ئۇ نەرسە سىزگە شۇنچىكى يېپىشىۋالىدۇ. ئالايلۇق — غەم ـ قايغۇ. غەم ـ قايغۇ نەدىن كېلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۆپىنچىسنى ئۆزىمىز پەيدا قىلىۋاتىمىز، كىشىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسىز مەنزىلگە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئۆزىلا غەم ـ قايغۇلارنىڭ ئەڭ زور مەنبەسىدۇر.

كىشىلەر پۇلغا ئامراق، پۇلى يوقنىڭ غەم ـ قايغۇسى كۆپ بولىدۇ. كىيىم ـ كېچەك كىيىش، يەپ ـ ئىچىش، كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت كاللا ئىشلىتىپ، پۇل تاپماقتىن ئۆزگە چارە يوق.

بىز قولىمىزدا پۇل بولسىلا، ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ، بەخىرامان ياشىغىلى، ھەممە ئىشىمىزنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرگىلى، غەم ـ قايغۇلىرىمىزنى يوقاتقىلى، شۇنداقلا، چەكسىز شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمىز ھەمدە شۇنىڭدىن قانائەت تاپىمىز.

ئەمەلىيەتتە، پۇل بۇ مەسىلىلەرنى ھەرگىزمۇ ھەل قىلالمايدۇ. بايلىقىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، غەم ـ قايغۇمىزمۇ كۆپەيسە كۆپىيىدۇكى، ھەرگىز ئازلاپ قالمايدۇ. پۇل ئىستەكلىرىمىزنى ئويغىتىدۇ، ئىستەكلىرىمىزدىن يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى غەم ـ قايغۇلار تۇغۇلىدۇ. مۇشۇنداق دەۋرىيلىنىش نەتىجىسىدە، غەم ـ قايغۇلىرىمىز خۇددى قار يومىلىقىغا ئوخشاش دومىلىغانسېرى تېخىمۇ زورىيىپ بارىدۇ...

تۇرمۇشتىن بايلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ غەم ـ قايغۇسىدىنمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس. كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى بايلارنىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ.

كىشىلەر يەنە ھوقۇقنىڭ ئىشقىدا سەكپارە، ھوقۇق ـ ئىمتىيازىمىز بولمىسا، باشقىلار بىزنى باشقۇرىدۇ، كەمسىتىلىمىز، مەيلى قانداقلا ئىش قىلمايلى، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشىمىز تولىمۇ مۈشكۈلگە توختايدۇ. بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە ھوقۇق ـ ئىمتىيازنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. نەتىجىدە يەنە بىرمۇنچە مەنسەپپەرەسلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرگە ھېجىيىشقا، ئۇلارغا ئۆزىمۇ ئەنسىنەيدىغان گەپلەرنى قىلىشقا، ئۇلارغا ئۆزىمۇ بىزار بولىدىغان يىرگىنىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ...

يېڭى غەم ـ قايغۇلار ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ. ھوقۇقدار بولىمەن، دەپ رىيازەت چېكىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن چاغدىكى تۈنجى ئازابىنىمۇ دېمەيلا تۇرايلى،

تەلىيى ئۈگىدىن كېلىپ، مەنسەپكە ئېرىشتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا تېخىمۇ زور غەم - قايغۇلار كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. يەنى، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىشىنى قولغا كەلتۈرمىسە تېخى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، خىزمەتداشلىرىنىڭ چەتكە قېقىشى، پۇت تېپىشىشىدىن ساقلانمىسا تېخى، يەنە بىر بالداق ئۆسۈش ئۈچۈن يېڭى پىلان تۈزمىسە تېخى... دېمەك، ھوقۇق - ئىمتىيازنىڭ ئۆسۈشى ئۇلارغا ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان غەم - قايغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، ئەمەلدار بولغاندىن كۆرە، يەنىلا ئادەتتىكى پۇقرا بولسا، تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئەپسۇس، ئىنساننىڭ پۇل، مەرتىۋىگە بولغان ئىنتىلىش ئىستىكىنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. بىر ماقالىدە: «ئىنسانلارنىڭ نەپسى تويماستۇر، ئۇنىڭ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن يەنە پۇرسەت تېپىپ، تەڭرى بولغۇسى كېلىدۇ» دېيىلگەن. كىشىلەر بەلكىم پادىشاھلارنىڭ غەم - قايغۇسى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنداق ئەمەس، مەسىلەن، چىڭگىزخانىنى ئالايلۇق، ئۇنىڭ ئەۋلىياغا ئايلىنىش، مەڭگۈ قېرىماسلىق، ئەبەدىي ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئابىھايات ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغان. ئۇنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ غەم - قايغۇسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

كىشىلەر ئەمدى، نېمە ئۈچۈن ئۆيىدە قورۇق تۇتتامدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق كەمبەغەللەر، باي، پۇلدار كىشىلەرگە قارىغاندا ئەركىن - ئازادە ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئېسىلزادىلەر ئادەتتىكى پۇقرالاردەك خۇشال - خۇرام، شۈكۈر قانائەتچان بولالمايدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويدانراق ئويلاپ بېقىشى كېرەك. مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ قانچە نامرات، قانچە گاداي بولسا، شۇنچە تەقلىد قىلىشقا ئەرزىيدۇ دېمەكچى ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇھىمى، ئىستەكتىن ئىبارەت بۇ شاش ئاتنى قانداق تىزگىنلەشتە، ئىستىكى بولۇش ھېچقانداق يامان ئىش ئەمەس، ئىستەك تۈلپىرى ئىنساننى توختاۋسىز ئالغا باستۇرالايدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئىستىكىنى ئىدارە قىلالماي، ئۇنى قانچە چاپقانسېرى تۇۋۇقى شۇنچە قىزىپ، تىزگىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىر ياۋا ئاتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئادەم ئۆز ئىستەكلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان چاغدا، شۈبھىسىزكى، ئۇ تۈگىمەس غەم - قايغۇنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممىلا يېرىدە غەم - قايغۇ بار، غەم - قايغۇنى تاشلىۋەتكىلىمۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ. مەن شۇنداق قارايمەنكى، يەنىلا بارىغا شۈكۈر قىلىپ قانائەتچان بولغان ياخشى. مەرتىۋىڭىز بولمىسا، ئەركىن - ئازادە، خۇشال - خۇرام ياشايدىغان ئادەتتىكى پۇقرا بولسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. بايلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم - قايغۇسى، كەمبەغەللەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق شاد - خۇراملىقى بولىدۇ. ھوقۇق ۋە ئىمتىياز ئادەمگە تۈرلۈك - تۈمەن مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمما، ئىنسان ھوقۇقى بولمىسىمۇ يەنىلا باشقا نەرسىلەر بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغان خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

ئىستەك تۈلپىرى چېپىپ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكەندە، ئىنسان چوقۇم گۇمران بولماي قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئىنساننىڭ دەسلەپىدىلا بۇ مەسىلىلەرگە پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرگىنى تۈزۈك.

---

بۇ ماقالە خەنزۇچە «تاللانغان فېلىيەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2003 - يىللىق 11 - سانىدىن ئېلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىرى سىزگە ياردەم قىلىدۇ

2004.2

بىر دېرىكتور بارلىق مەبلىغىنى بىر كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىگە سېلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، زاۋۇت ئېھتىياجلىق بولغان خام ئەشياغا ئېرىشەلمەي، دېرىكتور ئامالسىز ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردانلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ بۇنچىلىك زور زىياننى ھەرگىز ئۇنتۇيالماپتۇ. ئويلىغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھەتتا دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇ.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ: «ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ» دېگەن بىر كىتابنى ئوقۇپ قاپتۇ. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا كۈچ ـ غەيرەت ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇ ئاپتور بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ھېلىقى يازغۇچى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «مەن سىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئەڭ زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدىم. مەنمۇ سىزگە ياردەم بېرەلسەمكەن دەيمەن. ئەمما ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.»

ئۇنىڭ چىرايى شۇئانلا ئۆزگىرىپتۇ ۋە بېشىنى تۆۋەن

سىلىپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «مەن تۈگىشىپتىمەن ـ دە!» دەپتۇ.

يازغۇچى بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «مەن سىزگە ياردەم بېرەلمىسەممۇ، ئەمما سىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەرگەردان يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە يازغۇچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى تېزرەك ئاشۇ كىشىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىڭ» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ يازغۇچى ئۇنى چوڭ بىر كۆرگۈ (ئەينەك)نىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ ۋە قولى بىلەن كۆرگۈنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان كىشى دەل مۇشۇ. بۇ دۇنيادا پەقەت مۇشۇ كىشىلا سىزنىڭ قايتىدىن قەددىڭىزنى رۇسلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۇ ئادەم بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ چىقىڭ. بولمىسا سىزگە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا سەكرەشتىن باشقا يول يوق. چۈنكى سىز بۇ ئادەمنى تولۇق چۈشىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزگە ۋە بۇ دۇنياغا نىسبەتەن سىزنىڭ قىلچە كېرىكىڭىز يوق» دەپتۇ.

ئۇ كۆرگۈگە يېقىن كېلىپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سىلاپتۇ. كۆرگۈدىكى ئۆزىنىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئارقىغا يېنىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن يازغۇچى ھېلىقى كىشىنى كوچىدا ئۇچرىتىپ تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى شۇنچە يەڭگىل، تېز ھەمدە روھمۇ شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستى-ۋېشىدىن قارىغاندا قايتىدىن يول تاپقاندەك ئىكەن. «ئاشۇ كۈنى مەن سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا كىرگىنىمدە يەنىلا بىر سەرگەردان ئىدىم. ئەمما مەن كۆرگۈگە قاراپ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچەمنى تېپىۋالدىم. ھازىر مەن يىللىقى 3000 دوللارلىق خىزمەت تاپتىم. خوجايىنىم ئائىلەمدىكىلەرنى دەپ ماڭا ئىش ھەققىمدىن ئالدىن بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ بەردى. مەن ھازىر يەنە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا ماڭدىم» دەپتۇ. ئۇ ئادەم ۋە يەنە قىزدارلىق قىلىپ مۇنداق دېگەننى قوشۇپ قويۇپتۇ: «كېلەر قېتىم سىزنى يوقلاپ بارغىنىمدا بىر تال پۇل چېكىنى ئالغاچ بارىمەن. ئۇنى تاپشۇرۇۋالغۇچى سىز. «پۇل سومىسى» دېگەن كاتەك بوش قالدۇرۇلغان. ئۇنى سىز تولدۇرىسىز. بۇ سىزگە بولغان كۆڭلۈم. چۈنكى سىز بولغاچقىلا مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچەمنى تۇرغۇزۇپ ئۆزۈمنى ھەقىقىي تونۇدۇم.»

ئۆزىگە ئىشىنىش بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە بۇ دۇنيادا ياشىشىدىكى كۈچ مەنبەسى. بۇ خىل ئىشەنچنىڭ يوقلىشى ئۆزىگە ئۆزى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

---

يى مىڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە خەنزۇچە «ياشلار كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن ئېلىندى.

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتر تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئېلېكترون 98 ـ 2 ـ سىنىپتىن ساتتار غوپۇر تەرجىمىسى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

### كىم يېڭىدۇ؟

ئىككى دوست پاراڭلىشىپ، بىرى:

ـــ مۇشۇ كۈنلەردە ئايالىم بىلەن كۈندە ئۇرۇشىدىغان بولۇپ قالدىم، ـ دەپتۇ.

ـــ كىم يېڭىدۇ؟ـــ دەپ سوراپتۇ دوستى.

ـــ ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى قىلغاندىن كېيىن مەن يېڭىمەن.

ـــ بۇ قانداق ئىش؟ـــ دەپتۇ دوستى چۈشىنەلمەي.

ـــ چۈنكى ئاخىرىدا مەن يېڭىلدىم، دەيمەن ئەمەسمۇ!

توپلىغۇچى: ئابدۇللا روزىمۇھەممەد تەرجىمىسى
(قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

### كەسپ ھۇزۇرى

بىر كىشى بوكس سەھنىسىگە يېقىن ئورۇندا، ناھايىتى خۇشال ھالدا چاۋاك چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ـــ سىز ئۇلارنىڭ مەشقاۋۇلىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى.

ـــ ياق، مەن چىش دوختۇرى

### ئاچچىقلىنىش

ـــ كەچۈرۈڭ، ئوغۇللار ھاجەتخانىسى نەدە؟ـــ يېڭىدىن مەكتەپ ئالمىشىپ كەلگەن يىگىت يېنىدىكى قىزدىن سوراپتۇ.

ـــ قىزلار ھاجەتخانىسىنىڭ يېنىدا.

قورسىقى ئاغرىپ كەتكەن يىگىت جىددىيلىشىپ:

ـــ ئۇنداقتا قىزلار ھاجەتخانىسى نەدە؟ـــ دەپتۇ.

قىز ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

سايمۇساق بىر ئەر كىشى قىزلار ھاجەتخانىسىغا بېرىپ نېمە قىلماقچى؟ـــ دەپتۇ.

# قەشقەر روھى



قەشقەرنىڭ روھى چاسا ئەتراپىدا، ئۇ بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە، جىمجىت بۈگۈنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. گېپى كەلسە، ئۇ چوقۇم بۇ شەھەرنىڭ كەلگۈسىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ.

تارىخى ئۇزاق بۇ قەدىمكى دىياردىكى ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسمى ۋە گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنىڭ نۇسخىسى بىلەن بېزەلگەن ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇسى مىللىي ئالاھىدىلىككە شۇ قەدەر بايكى، سىز مەيلى ئۆستەڭ بويى ياكى ھېيتگاھ مەيدانى ئەتراپىدىكى قايسىبىر رەستىگە كىرمەڭ، چوقۇم ئۇ يەردىكى قەدىمكى رەڭلەر ۋە ئىپتىدائىي ھىدلار (پۇراقلار)غا مەپتۇن بولماي قالمايسىز. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن بۇ شەھەرنى بارلىق زامانىۋىلىكلەردىن ئايرىپ تۇرغان بولغاچقا، بۇ يەردە پەقەت چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغان، شۇنداقلا كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان بىر خىل مەنزىرە ھاسىل بولغان.

بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئالتۇن رەڭلىك توپراق، لاي ۋە تېرەك ياغىچى بىلەنلا سېلىنغان. نۇرغۇن ياغاچلار قوۋزىقى سويۇۋېتىلىپ، پۇتىقى ئېلىۋېتىلگەندىن باشقا ھېچقانداق ئىش قوشۇلمايلا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، ئۆينىڭ تورۇسى، ئۆگزىسى، بالىخانىسى، پېشايۋىنىمۇ ئالتۇن رەڭدە، تام، ئۆگزە، يەرمۇ لاي بىلەن سۇۋالغان



بولۇپ، ئۇنىڭدىن لايىنىڭ ھىدى پۇراپ تـۇرىــدۇ. بـۇ ئۆيلەر تاغ ياكى دۆڭلۈككە يۆلەپ ۋە ياكى تۈزلەڭلىكنى كۆتۈرۈپ ئۇلداپ سېلىنغاچقا، ناھايىتى ئېگىز، بەزىلىرى ناھايىتى رەتلىك، بەزىلىرى چۇۋالچاق. بالىخانىلار ئۆينىڭ بىر يېقىدىن بۆرتۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، خۇددى دېھقان ئاياللىرىنىڭ كۆكسىگە ئوخشاش مۇئەللەقتە لەپەڭشىپ تۇرىدۇ. بالىخانىلارنىڭ بەزىلىرى پەسكە قىيسىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى پۇختا، پۈتكۈل رەستە قارىماققا داۋالغۇۋاتقاندەك ئەگرى ـ بۈگرى كۆرۈنىدۇ. رەستىلەرنىڭ ئۈستىدىكى بىر قانچە تال قوپال تېرەك ياغىچىنى توغرىسىغا قويۇپلا يېپىلغان لەمپىلەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ ئادەمگە خۇددى ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما ئۇلار ۋاقىتـنىـڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭـنىـڭ كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا نەچچە ئون يىل، نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە ئون ئەسىرلەردىن بۇيـان يـەنــلا ھېچنېمە بولماي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ قەدىمكى رەستە قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەل ھەم جەزبىدار بولۇپ كېتىدۇ. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق گىرەلىشىپ خىرەلىك ئىچىدە ئادەتـتـىكى لاي سۇۋاقلار خۇددى مەندە بىر خىل ساددا گۈزەللىك بار، دەپ غەلىيان كۆتۈرۈۋاتقاندەك تېخىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تاڭ شەپىقى ۋە كەچكى قۇياش نۇرىدا لاي سۇۋاقنىڭ رەڭگى تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ قېنىق، تېخىمۇ جۇلالىق كۆرۈنىدۇ. سـىـز بـۇ يەرگە گۈزەللىك بېغىشلاۋاتقان يالغۇز قۇياشلا بار، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ يەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇۋاتقان ھويلا ـ ئارام، ئۆيلەرنىڭ پەنجىرلىرىمـۇ بـار. سـىـز رەستىلەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنـىـڭـىـزدا پـات ـ پـات،

باراقسانلاپ ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چىققان بادام، ئالما، ئۈرۈك، ئاقتېرەكلەرنىڭ شاخلىرىنى، پېشايۋانغا ياماشتۇرۇلغان ئۈزۈم تاللىرىنى، پەنجىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ يارىنى ئەسلەۋاتقان ياكى بالىخانىغا كىر يېيىۋاتقان قىز - چوكانلارنى، بالىخانىدا ئولتۇرۇپ يىگنە ئىشى (تىكىش) قىلغاچ خىيال سۈرۈۋاتقان جۇۋانلارنى، تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئاپتاپسىنغاچ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەۋاتقان بوۋاي - مومايلارنى كۆرۈپ قالىسىز.

ئىھتىمال بەزىلەر بۇ مەنزىرىنى، تۇپراقنىڭ ھىدى ۋە رەڭگىنى نامراتلىقنىڭ بەلگىسى، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ بايلىق، پاكىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. چۈنكى، سىز ئۆيگە كىرسىڭىزلا، ئۆينىڭ ئىچىدىكى يىراق قەدىمدىن بۈگۈنگىچە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق تۇرمۇش ھىدىدىن ھەيرەتتە قالىسىز، گەرچە ئۆينىڭ ئاستى (پول) سېمونت بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى پاكىز تازىلانغان. تاملارغا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئوتقاشتەك خوتەن گىلەملىرى ۋە يەرلىك گىلەملەر تارتىلغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈستىگە مەككە ۋە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، مۇقەددەس ئايەت ۋە سۈرىلەر يېزىلغان رەسىملەر چاپلانغان بولىدۇ. تاملارغا يەنە ئويۇق ۋە تەكچىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مېھمان كۈتۈشكە ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچا، مېۋە - چېۋە ۋە تاتلىق - تۈرۈملەر تىزىلغان. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەر قويۇق زامانىۋى مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گىلەم، تېلېۋىزور، كرېسلو قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇنداق ئۆيلەردە ئاساسەن ياشلار ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن باشقا گىتارغا ئوخشاش چالغۇلارنىمۇ، زامانىۋى تېخنىكا بىلەن تېخىمۇ مۇقەددەس تۈسكە ئىگە قىلىنغان مەككىنىڭ، مارادونا، مارىئان. مىنلو قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

خۇددى بىر نامرات بوۋاينىڭ ماڭا:

—تۇرمۇشۇم ھەرقانچە غۇربەت بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۆيۈمنى ناھايىتى پاكىز ھەم رەتلىك تۇتقان بولاتتىم،— دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، بۇ يەردىكى كىشىلەر يوقسۇل بولسىمۇ، ئەمما ئۆي ۋە ھويلا - ئاراملىرىنى چىندەك ناھايىتى پاكىز تۇتىدۇ.

رەستىلەردە ھەمىشە ئىككى - ئۈچ مويسىپىتنىڭ قوۋۇق ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاپتاپسىنغاچ مۇڭدىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار سەيلە - ساياھەتچىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلار مەيلى ئەنگلىيىلىك، فرانسىيىلىك، ئامېرىكىلىق، ياپونىيىلىك بولسۇن ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر بولسۇن، يېنىدىن ئۆتكەندە ھا-





مان ئۇلارغا دوستانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلىدۇ.

قەدىمكى رەستە شۈبھىسىزكى، باللارنىڭ جەننىتى، باللار ساياھەتچى مېھمانلارنى كۆرگەندە ئۇلارغا hello (ياخشىمۇ سىز)، good morning (خەيرلىك سەھەر)، good afternoon (چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ. ھەتتا ئەمدىلا تىلى چىققان، يۈزلىرى شالتاق كىچىك باللارمۇ ئالدىڭىزدا تايتاڭلاپ مېڭىپ شەيتانلىق قىلىپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن سىزدىن ئەھۋال سورايدۇ. سىزنى رەسىمگە تارتىۋالسۇن، دەپ تۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى تولىمۇ خۇشال ھەم بەختلىك ھېس قىلىپ ئۇلارنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىسىز.

دوقمۇشلاردىن قايرىلغىنىڭىزدا (بۇ يەردە بۇنداق دوقمۇشلار ناھايىتى كۆپ) ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا ئۆكە قادالغان دوپپا كىيىۋالغان بىر ياكى بىر قانچە ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىسىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭ ياكى ئاق پىشماق، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بوتا كۆزلۈك كىچىك ساھىبجامالار. ئۇلار ئوغۇللارغا قارىغاندا تارتىنچاق، ئېغىر بېسىق ھەم پاكىز. سىز ئۇلارنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە باققىنىڭىزدا، گويا بۇ كۆزلەردىن بۇلاقنىڭ شىلدىرلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ بىھوش بولىسىز. مۇبادا ئۇلار بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشۈۋالماقچى بولسىڭىز، ئۇلار سىزگە ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى بىلەن تۇرلۇك قىياپەتلەرنى (مىمىكىلەرنى) چىقىرىپ تۇرۇپ بېرىپ، ئۇمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ.

رەستىدىكى ئالدىڭىزدا كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ئۇستىخىنى ناھايىتى قاملاشقان، ئۇلار شۇنداق ئەۋرىشىم، شۇ قەدەر نازۇك ۋە لىۋەن، ئۇلارنىڭ تال ـ تال ئۆرۈلگەن قاپقارا بوستان چاچلىرى سويلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا تۇيۇقسىزلا ئالدىڭىزدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار سىز دىققەت قىلمىغان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان دەقىقىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

مانا بۇ قەشقەرنىڭ سىز ئالدىرىماستىن ئاستا مېڭىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھەتتا ئۆمۈر بويى ماڭسىڭىزمۇ ئەرزىيدىغان قەدىمىي رەستىسى.

---

بۇ ئەسەر خەنزۇچە «ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# سېھرگەرلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە كېلىپ چىقىشى



ئەنۋەر سەمەد

سېھرگەرلىك دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلار ۋە ئەللەردە كەڭ تارقالغان، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى نىسپىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ دائىملىق ئىپادىلىنىش شەكلى بولسا مۇئەييەن مۇراسىملار ئارقىلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى مەلۇم سىرلىق كۈچلەرنى تىزگىنلەپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ياكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەھۋاللارغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدىغان بىر خىل پائالىيەت ياكى كۆز قاراشتۇر. سېھرگەرلىكتە قوللىنىدىغان مۇراسىملار دائىم سىمۋول خاراكتېرلىك ئۇسسۇل ۋە ناخشىلار، شۇنداقلار كۆلىمى ھەر خىل بولغان چوڭ ـ كىچىك مۇراسىملاردىن ئىبارەت. مۇئەييەن سېھرگەرلىك پائالىيىتىدە يەنە سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە، دەپ قارالغان ئەمەلىي نەرسىلەر ۋە سېھرلىك تىللار (جۈملىدىن ئەپسۇن ـ ئەرۋەشلەر) بولماي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، سېھرگەرلىك ھەققىدە شۇنى ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، ئۇ مۇئەييەن ماددىي نەرسە ۋە تىللارنى (سۆزلەرنى) سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىنسان تۇرمۇشىغا، تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدىغان بىر خىل دىنىي شەكىلدۇر.

غەربتە ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ، خرىستىئان دىنى سېھرگەرلىكنى بىدئەت دەپ قاراپ، قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالدى ھەم چەكلىدى. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، دىنشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سېھرگەرلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى. ئېدۋارد تايلور، فرازېر ۋە مالىنوۋسكىيلار سېھرگەرلىك ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر ئىنسانشۇناس تايلور ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرىدە سېھرگەرلىكنى ئىپتىدائىي دەۋردىكى ياۋايى ئىنسانلارنىڭ بىر خىل پەنى سۈپىتىدە تونۇدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، ياۋايى ئىنسانلار مۇئەييەن مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن سىمۋول خاراكتېرلىك تەقلىدىي ھەرىكەتلەرنى ئىشلەيتتى ھەمدە مۇنداق سىمۋوللۇق تەقلىدىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈمىد قىلىنغان مەقسەت ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت بار، دەپ پەرەز قىلاتتى. شۇڭلاشقا، سېھرگەرلىك بولسا «سېھرگەرلىكنىڭ سىمۋول پرىنسىپى»نى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان ھادىسىدۇر. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نەزىرىدە سېھرگەرلىكتە پەرەز قىلىنىدىغان سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى پەقەت سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرلار بولۇپ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بىر خىل «ساختا پەن» ئىدى.

ئەنگلىيە ئىلىم ساھىبى فرازېر تايلورنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە سېھرگەرلىكنىمۇ خۇددى پەنگە ئوخشاش سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى خۇلاسە ئاساسى قىلىدۇ دەپ قارىدى ۋە مۇئەييەن ھەرىكەت ـ قىلىق، مۇئەييەن ئاقىۋەتنى جەزمەن پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئىشەندى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سېھرگەرلىكتىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت قارىشى پەقەتلا بىر خىل خاتا تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇ تەبىئىي جەريانلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە قارىتا توغرا تونۇش ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ شۇنداق

قاردىكى، سېھرگەرلىك «ساختا تەبىئەت قانۇنىيىتى سىستېمىسى» (Superious system of natural law) دۇر.

فرازېرنىڭ قارىشىچە سېھرگەرلىك بىلەن دىن خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. سېھرگەرلىكتە تەبىئەت كۈچلىرىگە بۇيرۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. دىندا بولسا تەبىئەت كۈچلىرىگە تىۋىنىلىدۇ ۋە ئىلتىجا قىلىنىدۇ؛ سېھرگەرلىكنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە پەيدا بولۇشى دىندىن ئىلگىرى بولۇپ، پەقەت سېھرگەرلىكنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنلا ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىگە تىۋىنىش ۋە ئىلتىجا قىلىشقا يۈزلەنگەن، نەتىجىدە دىن شەكىللەنگەن؛ كىشىلەر دىننىڭ ساختىلىقى ۋە ئۈنۈمسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن پەن (ئىلىم) پەيدا بولغان؛ پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سېھرگەرلىك بىلەن دىن بىرلىكتە ئىنسانلار تەرىپىدىن خۇراپات سۈپىتىدە قارىلىدىغان بولغان. فرازېرنىڭ «سېھرگەرلىك ← دىن ← پەن» دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئەينى دەۋردىكى دىنشۇناسلىق ساھەسىگە زور تەسىر بەرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىتا كۆپ خىل گۇمانىي قاراشلار ۋە نەزەرىيىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سېھرگەرلىكنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنىڭ پەن بولماستىن، بەلكى بىر خىل دىنىي ھادىسە ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ. مەشھۇر دىنشۇناس ۋە ئىنسانشۇناس مالىنوۋسكىي ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئىپتىدائىي مىللەتلەردىكى سېھرگەرلىك ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىدىن شۇنى يەكۈنلەپ چىقاردىكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەجرىبىۋى، ئەقلىي بىلىملەر بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە تەدبىق قىلىنىشىنىڭ پەرقىنى ئوبدان بىلگەن. كىشىلەر سۈنئىي ماھارىتى، تېخنىكىسى ۋە بىلىملىرى تەدبىق قىلىشقا يېتەرلىك بولغان ساھەلەردە سېھرگەرلىككە مۇراجىئەت قىلمايدۇ؛ ئەمما كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋەتلىرى يېتىشمەيدىغان ئىشلارغا ۋە زور خەتەرلەرگە يولۇققاندا سېھرگەرلىكتىن ياردەم تىلەيدۇ؛ بەزىدە ئىككى (ئەمەلىي، ئەقلىي تەجرىبە ۋە سېھرگەرلىك) بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەيدۇ. ئۇ مۇنداق بىر قاتار مىساللارنى كەلتۈرۈپ، بۇ قاراشنى ئىزاھلايدۇ:

دېھقانچىلىقتا كىشىلەر زىرائەت تېرىغاندا، دەرەخ تىككەندە، سېھرگەرلىكنى ئىشلەتمەيدۇ. بېلىقچىلىقتا لەھەڭ تۇتۇشتا خەتەر كۆپ بولغاچقا، ئۇ پائالىيەت سېھرگەرلىككە تولغان بولىدۇ. كېمە ياسىغاندا ۋە كېمە بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىقىش ئالدىدا، بۇ خىلدىكى ئىشلار خېيىم ـ خەتەرگە تولغاچقا، كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالدا مۇرەككەپ سېھرگەرلىك مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما ئۆي سالغاندا، ئۇ ئىشتا خېيىم ـ خەتەر ۋە تاسادىپىيلىق بولمىغاچقا سېھرگەرلىكمۇ بولمايدۇ. سودا ـ تىجارەتتە، مۇھىم سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرىدە سېھرگەرلىك ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەمما كىچىك كۆلەملىك ئېلىم ـ سېتىمدا سېھرگەرلىك بولمايدۇ. ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە چېتىلىدىغان ئۇرۇش، مۇھەببەتلىشىش، كېسەللىك، ھاۋارايى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېھرگەرلىك تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرىدۇ. مالىنوۋسكىينىڭ بۇ ھەقتىكى يەكۈنى شۇكى: «... كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە پۇرسەتلىرىنى تىزگىنلىيەلمىگەن چاغدىلا ئاندىن سېھرگەرلىكنى ئىشلىتىدۇ ... پەقەت ئاشۇنداق ئىشەنچسىز بولغان، ئانچە ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ئادەتتە تەقدىرگە، پۇرسەتكە باغلايدىغان ۋە بەخت ـ پېشانىسىدىن كۆرىدىغان ئىشلاردىلا، قەدىمكى ئىنسانلار ئاندىن سېھرگەرلىكنى ئىشلىتىپ تىزگىنلەشنى ئويلىغان» ① ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن تاسادىپىيلىق بار جايلاردا، ئومۇمەن ئارزۇ ـ ئۈمىد بىلەن قورقۇش ھېسسىياتىنىڭ رولىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ جايلاردا بىز سېھرگەرلىكنى كۆرەلەيمىز. ئومۇمەن ئىشلار جەزمەن ئىشەنچلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقلىي ئۇسۇللار ۋە تېخنىكىلىق جەريانلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرغان جايلاردا بىز سېھرگەرلىكنى كۆرمەيمىز. شۇنى تېخىمۇ تەكىتلەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەتىرى چوڭ جايلاردا سېھرگەرلىك بولىدۇ، مۇتلەق بىخەتەر ھەم ھېچقانداق خەتەرنىڭ بېشارىتى بولمىغان جايلاردا سېھرگەرلىك بولمايدۇ» ②.

مالىنوۋسكىي كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ ھەممىسىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ھادىسىلەر بولۇشى ناتايىن، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئىنسانلار (ھەتتا ھازىر سېھرگەرلىك

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر) سېھرگەرلىك بىلەن پەننى ئۈنچىلىك ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىگەن بولۇشىمۇ ناتايىن. ئەمما ئۇ كەلتۈرگەن مىساللار كەم دېگەندىمۇ سېھرگەرلىكتە پايدىلىنىلىۋاتقان نەرسىنىڭ تەجرىبە ۋە بىلىم ئەمەس، بەلكى سىرلىق كۈچلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سېھرگەرلىك بىلەن ئىلىم - پەننىڭ بىخلىرى ھېسابلىنىدىغان «تەجرىبە ۋە بىلىم»لەر بىر نەرسە ئەمەس، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

دىن بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە غەرب ئىلىم ساھەبلىرى ئۇ ئىككىسى گەرچە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. كونكرېت مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، دىن مۇخلىسلىرىنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى تۆۋەنچىلىك ۋە قۇلچىلىقتۇر. ئەمما سېھرگەرلىك مۇخلىسلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى بولسا مەغرۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتۇر؛ دىن مۇخلىسلىرى ئىلتىجا، دۇئا - تەلەپ، نەزىر - چىراغ قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چوقۇنىدىغان مەبۇدلىرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئىزدەيدۇ، ئەمما سېھرگەرلىكتە سېھىر قىلغۇچى بۇيرۇقۋازلىققا تولغان سېھرگەرلىك ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەلۇم ئىشلاردا ئورۇنداپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدۇ؛ دىن مۇخلىسلىرىنىڭ چوقۇنۇش - تېۋىنىش ھەرىكىتىدە يەتمەكچى بولغان مەقسەت بولسا ئىنسان ھاياتى ۋە تۇرمۇشىدىكى توپ مەسىلىلەر (مەسىلەن، ئۆلۈم، ئاخىرەت، قۇتۇلۇش...) نى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىشتۇر، ئەمما سېھرگەرلىكتە يېتىلمەكچى بولغان مەقسەت بولسا بىرقەدەر بىۋاستە ۋە چەكلىمىگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىكى مەقسەت بولسا ھاياتتا زۆرۈر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك كونكرېت مەسىلىلەر (مەسىلەن، كېسەللىكنى داۋالاش، ھاۋارايىنى تىزگىنلەش، مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىش، تۇرمۇش قۇرۇشقا باب كېلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك لايىققا ئېرىشىش، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش...)دۇر.

ئەمما يۇقىرىقى بايانلاردا ئېيتىلغان پەرقلەر دىن بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ توپتىن قارىمۇقارشى ئىككى خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، دىن بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچلەر (ئىلاھ، جىن - ئەرۋاھ، شەيئىلەردىكى «جان»ياكى «روھ»)نىڭ بولىدىغانلىقىدەك تونۇش ئاساسىدا ئۇلارغا تېۋىنىلىدۇ، چوقۇنىلىدۇ ۋە ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلاردا قوللىنىلىدىغان ياردەم تەلەپ قىلىشتىكى ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. پەرقلەندى دېيىلسە، ئۇ پەقەت ۋاستىنىڭ يۇمشاقلىقى ياكى قاتتىقلىقى، قانداق ساھەدە قوللىنىلىدىغانلىقىدىكى پەرقتۇر. دىن بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ پەرقى سېھرگەرلىكنىڭ دىنغا ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيىتىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ دىننىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى ياكى ئالاھىدە ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ تارىختىكى ھەرقايسى دىنلاردا تېۋىنىش، يالۋۇرۇش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بىلەن چاقىرىش، قورقۇتۇش، ھەيۋە قىلىش ۋە تىزگىنلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىدا مۇھىملىق دەرىجىسى جەھەتتىن پەرق باركى، ئەمما ئۇلاردا سېھرگەرلىككە ياتىدىغان تەركىبلەرنىڭ زادىلا بولمىغانلىقى ئەمەلىيەت ئەمەس. شامان دىنىنى مىسال قىلساق، ئۇنىڭدا تەبىئەت تەڭرىلىرىگە تېۋىنىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇلارنى چاقىرىپ مەلۇم ياردەملەرنى تەلەپ قىلىش تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. باشقا دىنلاردىكى ئەھۋاللارمۇ ھەم شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

غەرب ئىلىم ساھەبلىرى ئارىسىدا 19 - ئەسىردىن باشلاپ، سېھرگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى سېھرگەرلىك بىلەن دىننىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى ئىدى.

ۋىلیام. سىمىت (William. simith) ۋە H. J كىڭ (J. H. King)لارنىڭ نەزىرىدە سېھرگەرلىك دىندىن ئىلگىرى پەيدا بولغان ③ . مەشھۇر ئېتنوگراف. J . G فرازېر (J. G. Frazer) ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ» دېگەن كىتابىدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ (بىلىش تارىخىنىڭ) «سېھرگەرلىك→دىن→پەن» دىن ئىبارەت ئۈچ

باسقۇچلۇق تەرەققىيات شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. فرازېرنىڭ قارىشىچە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە ئالەمنى سىرلىق كۈچلەرنىڭ تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە مۇشۇ ئىشەنچ سەۋەبىدىن ئاشۇ كۈچلەرنى تىزگىنلەش مەقسەت قىلىنغان سېھرگەرلىك بارلىققا كەلگەن. زاماننىڭ ئالغا سىلجىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر سېھرگەرلىك ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان سىرلىق كۈچلەردىن گۇمانلىنىپ، ئالەمنى ئادەم سىياقلىق (ياكى ئادىمىي خاراكتېرلىك) ئىلاھلارنىڭ تىزگىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغان ھەمدە ئۇلارغا چوقۇنۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە نەزىر ـ چىراغ ۋاستىسى بىلەن ئىلاھلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەن. مانا بۇ ــ دىندۇر. يەنە كىشىلەرنىڭ دىننىڭ ساختىلىقىنى تونۇپ يېتىشىگە ئەگىشىپ، «ساختا پەن» شەكلىدىكى سېھرگەرلىك ھەقىقىي پەنگە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، كىمياگەرلىك ــ خىمىيىگە، يۇلتۇزشۇناسلىق ــ ئاسترونومىيىگە، سېھرىي داۋالاش ــ تېبابەتچىلىككە تەرەققىي قىلغان. فرازېرنىڭ بۇ نەزەرىيىسىنىڭ ئەينى دەۋر ئىلىم ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاراشنى قوبۇل قىلدى. ئەمما بىر قىسىم ئىلىم ساھەبلىرى فرازېرنىڭ نەزەرىيىسىنى تەنقىدلەپ، ئۇنىڭدا ئىككى خىل نۇقساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. بىرى، فرازېرنىڭ سېھرگەرلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىدا ئەقلىي ئادەملەرنىڭ (مەرىپەتلىك ئىنساننىڭ) سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرىدىن چىقىپ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنداق چۈشەندۈرۈش مەرىپەتلىك ئىنسانلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى بولۇش بىلەن، ئۇ بەدەۋىي مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن؛ يەنە بىرى، كېيىنكى دەۋردىكى ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى تەرەپتىكى بايقاشلار شۇنى كۆرسەتتىكى، بەزى ئىپتىدائىي مىللەتلەردە سېھرگەرلىك ئادەتلىرى بىلەن دىنىي دۇئا ـ تىلاۋەتلەر تەڭلا مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارىشىچە سېھرگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى دىندىن ئىلگىرى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. دىنشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە بەزى ئىلىم ساھەبلىرى سېھرگەرلىك بىلەن دىن تەڭلا پەيدا بولغان، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەنگلىيىلىك ماررېت (Robert. R. Marret) ۋە ئامېرىكىلىق خارتلاند (Hartland) لار بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

سېھرگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە بىز فرانسىيىلىك مەشھۇر ئىنسانشۇناس ئېمىلې. دۇركېيم (Emele. Durkheim 1858 – 1917) نىڭ پىكرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق دەپ قارايمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «... سېھرگەرلىك خۇددى فرازېر تەشەببۇس قىلغاندەك بىر خىل ئىپتىدائىي ئەمەلىيەت ئەمەس، دىنمۇ پەقەت سېھرگەرلىك ئىچىدىن شاخلىنىپ چىققان شەكىل ئەمەس. دەل ئەكسىچە، سېھرگەرلىك دىنىي كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. شۇڭلاشقا سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان سېھرلەرمۇ دىنىي قائىدىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. سېھرگەرلىكنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىنى پەيدا قىلغان دىنىي مۇھىت ئىچىگە قايتۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت شۇندىلا، بىز سېھرگەرلىكنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.» ④

سېھرگەرلىك زادى نېمە ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ، دېگەن مەسىلىگە قارىتا مالىنوۋسكىي خېلى كونكرېت چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سېھرگەرلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان «سېھرىي كۈچ» ئىلمىي ساھەدە «مانا» دەپ ئاتىلىۋاتقان، ھەممە جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەردە مەۋجۇت دەپ ئىشىنىلگەن «جان» ياكى «روھ» ھەققىدىكى تونۇشنى ئابستراكتلاشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى بارلىق رېئال ئەھۋاللار كىشىلەرنى ھېسسىيات جەھەتتە جىددىي ئەھۋالغا دۇچار قىلغاندا، مۇشۇ خىل جىددىي ئەھۋالغا ھەرىكەت ـ قىلىق ۋە ئىدىيە جەھەتتە پەيدا قىلغان ئىنكاسىدۇر. مەسىلەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە، ئۇلاردا مۇناسىپ كەيپىيات ۋە ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. جۈملىدىن، رەقىبلىرىنى تىللاش، قارغاش دېگەندەك. مالىنوۋسكىينىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ساھەلەردە سېھرگەرلىك ھەرقاچان مەۋجۇت بولىدۇ. سېھرگەرلىك كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى خۇراپات ئىچىدە ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دىنىي مۇراسىملار ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن خەتەرلىك، مۇقىمسىز

www.uyghurkitap.com



ئەھۋاللاردا، دائىملا تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان هازىرقى زامان ئىشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا سېھرگەرلىك يۈز بېرىدۇ ⑤ . «سېھرگەرلىكنىڭ مەڭگۈ ‹كېلىپ چىقىشى› بولمايدۇ، مەڭگۈ كەسىپ قىلىنمايدۇ، توقۇلمايدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ھەممە سېھرگەرلىك مەۋجۇتتۇر، قەدىمدىن تارتىپلا مەۋجۇتتۇر» ⑥ . هازىرقى زامانىۋى دەۋردە ئايرىم ساھەلەردە سېھرگەرلىك قارىشى ۋە پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئاشۇ ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئۆزلىرى يولۇققان خېيىم - خەتەر، زور قىيىنچىلىق ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەمىۋاتقانلىقىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەرقانداق بىر سېھرگەرلىك ئومۇمىي جەھەتتىن تۆت ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ.

1) سېھرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان سېھرگەر (باخشى، پېرىخون، شامان، يەلۋىچى، جىنكەش...) ئادەتتە سىرلىق كۈچلەرنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدار ئۇنىڭ ئۆزىدىكى بىرقانچە شەرت - شارائىتتىن هازىر بولغان. بۇ خىل ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى ئۇنىڭ شۇ خىل ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئاتىسى ياكى ئۇستازىدىن مىراس قالغان ياكى تۇغۇلۇشتىلا ئەزەلدىن بار بولغان بولىدۇ.

سېھرگەرلىكتە، سېھرگەرلىكنىڭ ئىجرا قىلىنىشى سېھرگەرگە تايىنىدۇ. بۇنىڭدا سېھرگەرنىڭ كەيپىيات - ھېسسىياتى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئۇلار كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان تىللار ۋە سېھرلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق سېھرنى ئىجرا قىلىدۇ. سېھرگەرلەردە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇھىم خۇسۇسىيەت هازىرلانغان بولىدۇ.

بىرىنچى، سېھرگەرلەر ئەقىللىق ۋە روھىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەردۇر.

ئىككىنچى، سېھرگەرلەر كىشىلەرنىڭ سېھرنىڭ ئۈنۈمگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. ھەر بىر جەمئىيەتتە سېھرگەرلەرنىڭ ئۆز سېھرلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان مۇناسىپ سالاھىيىتى ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى «زامانىۋى ئەپسانىلەر» بار بولغان بولىدۇ. ھەر بىر سېھرگەر توغرىسىدا كىشىلەر قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى توقۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەلنى قانداق داۋالايدىغانلىقى، قانداق قەست قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، ھەر بىر قالاق جەمئىيەتتە بۇ خىلدىكى ئەپسانە، ھېكايىلەر سېھرگەرلىككە بولغان ئىشەنچنىڭ ئىگىزلىك تەرىپى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ھەر بىر مەشھۇر سېھرگەر ھەققىدە كىشىلەر توقۇۋالغان قىزىقارلىق ھېكايىلەر بولغاندىن تاشقىرى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى نىقابلاپ تۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئۆزى توقۇۋالغان ئاجايىپ «سەرگۈزەشتىلەرى» بولىدۇ.

2) مۇراسىملار، يەنى ئۆلچەملەشكەن، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە تەقلىدىي ھەرىكەتلەر: سېھرگەرلىكنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى ھەرىكەتلەر ئادەتتە ھەممىشە مۇئەييەن پائالىيەتلەر جەريانىدىكى ھەرىكەتلەرگە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەشتىكى مۇئەييەن ھەرىكەتلەرگە تەتبىق قىلىنىدۇ. سېھر ئىشلىتىلىۋاتقان ئوبيېكتقا قارىتا مۇئەييەن سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەر ئىشلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئوخشاپ كېتىدىغان نەتىجىگە ئېرىشىش كۆزلىنىدۇ. مۇنداق سىمۋوللۇق تەقلىدىي ھەرىكەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئەنئەنە ئىچىدە شەكىللىنىپ مۇقىملىشىپ قالغان. مۇتلەق كۆپ قىسىم سېھرگەرلىك پائالىيىتى ئۈچۈن بىر قەدەر ئۆلچەملەشكەن، دائىم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلىنغان ئۇسۇل، رەسىم (سۈرەت)، ۋارقىراش ... قاتارلىق شەكىللەر ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا سەنئەت سېھرگەرلىكنىڭ تاشقى پوستىنى ھاسىل قىلغان.

3) ئەپسۇن - ئەرۋەشلەر، يەنى ئۆلچەملەشكەن، سېھرگەرلىك مەقسىتى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ياكى ئېيتىلىدىغان بايان ياكى قوشاق شەكلىدىكى تىللار: سېھرگەرلىك تەپەككۇرى بويىچە قارىغاندا، تىل ئالاقە قورالىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە مۇئەييەن سىرلىق كۈچكە ئىگە بولغان نەرسىدۇر. مانا بۇ بىز دەۋاتقان «ئەپسۇن» ياكى «ئەرۋەش» تۇر. ئەپسۇن - ئەرۋەشلەر سېھرگەرلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. مالىنوۋسكىي مۇنداق دەيدۇ: «سېھرنىڭ كۈچى مەڭگۈگە ئەپسۇننىڭ كۈچى بولۇپ، شۇڭلاشقا ئەپسۇن - سېھرگەرلىكتىكى ئەڭ مۇھىم تەركىبتۇر... ئەپسۇن بولسا سېھرگەرلىكنىڭ تىلسىملىق بۆلىكىدۇر... يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە سېھرگەرلىكنى بىلىش ئەمەلىيەتتە ئەپسۇننى

بىلىش دېگەنلىكتۇر. بىز بارلىق سېھىرگەرلىك قىلمىشلىرىنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا ھەم مۇراسىملارنىڭ ئەپسۇنلار ئىچىدە ئوقۇلىدىغانلىقى (ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى)نى كۆرىمىز. ئەپسۇن ـ مەڭگۈگە سېھىرگەرلىك قىلمىشلىرىنىڭ نىگىزىدۇر» ⑦ . كۆرۈش تەس ئەمەسكى، سېھىرگەرلىكتە تىلغا مۇئەييەن «سىرلىق قۇۋۋەت» بەخش ئېتىلىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدۇ. تىلنىڭ سېھرىي كۈچى ئەمەلىيەتتە تىلنى مۇقەددەس نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنىڭدا مەلۇم مۇقەددەس كۈچنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تىزگىنلىگىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىشىلەر ئىشىنىش تۈپەيلىدىن تىلنى ئالاقىلىشىشنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە روھلارنى، جىنلارنى چاقىرىش، ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىش ياكى ھەيدەش، ئۇرۇش، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش... قاتارلىقلارغىچە ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇلار كىشىلەردە قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان سېھرىي تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە تىل ۋە يېزىق تاۋۇش ۋە مەنانىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بەلگىلەر سىستېمىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇ مەلۇم مەنىدىكى مۇقەددەس نەرسە ئىدى؛ ئۇ ئالاقە قورالىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىختىرا ۋە يارىتىش قورالى ئىدى؛ ئۇ ئارقىلىق ئادەتتىكى ئۇقۇم ـ قاراشلارنى ياراتقىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا تىل ئىلاھنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىلاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن يەنە ئىلاھىي قۇدرەت ئۇ ئارقىلىق يارىتىلاتتى. مۇنداق قاراش كېيىنكى ھەرقايسى دىنلار ئىچىدە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى ھەمدە سېھىرگەرلىكتىكى ئەپسۇن ـ ئەرۋەشلەرنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ قالدى.

سېھىرگەرلىكتە ئەپسۇن يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەكسىچە، بىر تەرەپتىن ئەپسۇن ئوقۇلۇپ ھەيۋە قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەپسۇننىڭ ئۈنۈمى تەكىتلىنىدۇ. سېھىرگەرلىكتە سېھىرگەرلەرنىڭ ئەفسۇنلىرى داۋاملىق ئىككى خىل ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىرى، بۇيرۇق تەرزىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇن بۇيرۇق جۈملىلەر كۈچلۈك ھەيۋىنى شەكىللەندۈرىدۇ، يەنە بىرى، مۇناسىپ ۋاستىلەر قوللىنىلىپ بۇنداق بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان سېھىرنىڭ ئۈنۈمى تەسۋىرلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق سېھىرگەرلەر ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بۇ خىل نەتىجىنىڭ ھەقىقىيلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ.

دەرۋەقە، سېھىرگەرلىكتە نېمىنىڭ ئەپسۇن ئورنىدا ئوقۇلۇشى بىر خەلقنىڭ (كەم دېگەندىمۇ بىر سېھىرگەرنىڭ) مەدەنىيەت ھالىتى، تىل ـ يېزىقى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىز ھەرقايسى دىنلاردا مەزكۇر دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى مەلۇم بۆلەكلەرنىڭ ئەپسۇن ئورنىدا ئوقۇلىدىغانلىقىنى، ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مەنسۇپ بولغان، خەلق ئارىسىدىكى پارچە ـ پۇرات ۋە سىستېمىسىز ھالەتتىكى سېھىرگەرلىكتە سېھىرگەرلەر ئۆزلىرى توقۇۋالغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشقان قوشاقلارنىڭ ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

4) ئالاھىدە مۇھىت، يەنى مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ئورۇن، مۇئەييەن سورۇن ۋە ئەسۋاب، مۇئەييەن شەخس ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە قىياپەتلىرى: بۇلار سېھىرگەرلىكنى ئىجرا قىلىشنىڭ خاس مۇھىتى ۋە كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇھىتنىڭ تاللىنىشى ئادەتتە سېھىرگەرلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىقى ھەر خىل ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان مۇھىت سېھىرنىڭ ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈمسىز بولۇپ قېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىز سېھىر كۈچىنىڭ پەيدا قىلىنىش جەريانىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا جەزمەن سېھىرگەرلىك ئىجرا قىلىنىدىغان ئالاھىدە سىرلىق مۇھىت ـ كەيپىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر بولىدۇ. سېھىرگەرلىكتىكى ئالاھىدە مۇھىتنىڭ ھالىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالەتتە مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، سېھىرگەرلىك مۇراسىملىرى مۇئەييەن ۋاقىت ـ چاغلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە سۇبھىدە ياكى گۇگۇمدا، يېرىم كېچىدە ياكى چىڭقى چۈشتە، ئاي تولۇن بولغاندا ياكى ئاي كەمتۈكلەشكەندە، كۈنلەر ئىچىدە مەلۇم كۈنلەردە (مەسىلەن، دۈشەنبە ۋە شەنبىدە دېگەندەك)

www.uyghurkitap.com



سېھرگەرلىك كۆپرەك ئىجرا قىلىنىدۇ. قارا سېھرلەر كۆپىنچە قاراڭغۇ كېچىدە ياكى نەس دەپ قارالغان چاغلاردا ئىجرا قىلىنىدۇ، ئاق سېھرلەر كۆپىنچە ئاي تولغاندا ياكى باشقا خەيرلىك دەپ قارالغان كۈنلەردە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئومۇمەن، سېھرگەرلىكنى ئىجرا قىلىشتىكى ۋاقىتلارمۇ ئاشۇ ۋاقىتلار بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىق ياكى باغلىنىشنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، سېھرگەرلىك مۇراسىملىرىنىڭ ئورنى ھەم ئالاھىدە بولىدۇ. بۇ جەھەتتە تەبىئىي ھالەتتە بولمىغان جايلارنى تاللاش كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە قەبرىستانلىق، مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان جايلار، ئوچاق بېشى ياكى تۆۋى، قاراڭغۇ ئۆيلەر دائىم سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماكان سۈپىتىدە تاللىۋېلىنىدۇ. سېھرگەرلىكتە قانداق يەرنىڭ تاللىنىشى سېھر ئوبيېكتى ياكى مۇناسىۋەتلىك قورال ـ سايمانلارنىڭ ئاشۇ يەرلەر بىلەن مەلۇم تەسىر مۇناسىۋىتى (ئوخشىشىپ كېتىش ياكى ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتى)نىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا ھەمدە ئالاقىدار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا باغلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلارمۇ ئالاھىدە بولىدۇ. مۇھىمى ئۇلاردا سېھر ئوبيېكتى ياكى جەريانى بىلەن مەلۇم تەسىر مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تاللىنىشى نورمال ۋە تەبىئىي بولماسلىقىنىمۇ ھەم شەرت قىلىدۇ. قارا سېھردە بۇزۇق، چىرىگەن، نىجىس نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، ئىشقىي سېھرگەرلىكتە خۇش پۇراق ۋە گۈزەل نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇرۇشقا ئالاقىدار سېھرگەرلىكتە غىدىقلىغۇچى، كەسكۈچى، تەشكۈچى نەرسىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. نۇرغۇن سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمان ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە توپلىنىدۇ، يىغىلىدۇ. توپلانغان، يىغىلغان چاغلاردا ھەر خىل سېھرىي پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار بولسا كىشىلەرنىڭ مەلۇم ھايۋانلارغا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە ئىرىم چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بۈركۈت تىرنىقى، يىلان سۆڭىكى، توخۇ، كەپتەر، كاككۇك، ھۆپۈپ، قوي ياكى ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ... دېگەندەك.

تۆتىنچى، سېھرگەرلىككە دائىم غەيرىي نورمال خاراكتېردىكى ئەپسانىلەر ياندىشقان بولىدۇ. ئەپسۇنلاردىمۇ ئەپسانىۋىي تەركىب كەم بولمايدۇ. خەلق قوشاقلىرى ئەچىدىكى شەكلى ۋە مەزمۇنى غەيرىي بولغان ئەپسۇنلار كۆپىنچە غەيرىي ئەقلىي ئەپسانىلەرگە تولغان بولىدۇ. بۇلار سېھرگەرلىكنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى مۇھىتنى تەبىئىيلىكتىن تاشقىرى قىلىشتىكى مۇھىم تەركىب سۈپىتىدە سېھرگەرلەر ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر تەرىپىدىن تونۇلىدۇ.

بەشىنچى، سېھرگەرلىكنىڭ مۇھىتىدىكى تەبىئىيلىكتىن تاشقىرى كەيپىياتنى ھاسىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىب بولسا سېھرگەرلەرنىڭ غەلىتە خاراكتېرىدۇر. مەجرۇھ، يېرىم پالەچ، ئەما، دوك، دەلدۈش، قوشكېزەك، نېرۋىسى ئاجىز، ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش تۈيغۇسى بار بولۇش، جىنسىي ھەۋىسى غەيرىي بولۇش، كۆپىنچە مالەخۇليا (ھېستېرىيە) كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇش ...لار ياكى ئۇلارنىڭ كەم دېگەندىمۇ بىرى سېھرگەرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئۆزگىچىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار دەل ئاشۇنداق خاراكتېرى ياكى جىسمانىيىتىدىكى كەمتۈكلۈك سەۋەبىدىن سېھرگەر سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. قەدىمكى سېھرگەرلىكلەردە، سېھرگەرلىك ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولغان بولۇپ، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئەھۋال ۋە مۇھىتتا تۇرغان ئاياللار، مەسىلەن، سەت ۋە كۆرۈمسىز ئاياللار، تۇل خوتۇنلار، ئېپپىتى ساقلانغان قىزلار (قېرى قىزلار)، ھامىلىدار ئاياللار... ئىجرا قىلغان سېھرگەرلىكنىڭ ئۈنۈمى ۋە تەسىرى زور بولىدۇ، دەپ ئىشىنىلگەن. بەزىدە سېھرگەرلەر ئۇرۇق، قەبىلە ياكى مەلۇم سىنىپلارنىڭ ھوقۇقىنى تۇتقانلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سېھرى تېخىمۇ غەيرىي كەيپىيات ۋە مۇھىتلارغا ئېرىشەلىگەن. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، سېھرگەرلەر ئۆزى ۋە سېھر ئىشلەشتە تايىنىدىغان مۇھىتنىڭ سىرلىق كەيپىياتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزى بىر قاتار سېھرلىك پەرھىزلەرگە قاتتىق رىئايە قىلغانلىقتىن تاشقىرى، باشقىلارنىمۇ ئاشۇ پەرھىزلەرگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ. نەتىجىدە سېھرگەرلىك مۇراسىملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان ئومۇمىي مۇھىت ۋە كەيپىيات ھەرقايسى جەھەتلەردە ئادەتتىكى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كەيپىياتىدىن پەرقلىنىپ، سېھرلىك بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، سېھرگەرلىك يىراق قەدىمكى زا-

ماندىن تارتىپ ئىنسانلار ئېڭىغا، ئادىتىگە ۋە ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ئىشەنچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى دىنىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ھەمدەۋرلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە. قەدىمدە ئۇ «ساختا پەن» سۈپىتىدە ھاياتىي پائالىيەتلەردە رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى پەن ياكى ئىلمىي تەجرىبە ئەمەس، ئەكسىچە، مۇقەددەسلىك چۈشەنچىلىرى، ئىلاھىي چۈشەنچىلەر، تۇتېم چۈشەنچىسى، جىن ـ ئەرۋاھ چۈشەنچىسىنى ئۆزىگە يۇغۇرغان مۇرەككەپ بىر خىل دىنىي ھادىسە ۋە پائالىيەتتۇر. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ شۇنداق بىر مۇقەررەرلىكى بار ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى ئىنسانلار (ھەتتاكى ھازىرقى بىر قىسىم كىشىلەر)ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم ساھەدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا جەزمەن ئۇنىڭغا تايىناتتى. سېھرىگەرلىك ئىپتىدائىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان پائالىيەت سۈپىتىدە گەرچە ھازىرقى زامان دىنلىرى تەرىپىدىن يامان، بىدئەت دەپ قارىلىپ چەكلەنسىمۇ، ئەمما سېھرىگەرلىك بىلەن دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىدىكى تۈپ ئوخشاشلىق ۋە كىشىلەردىكى ئىشەنچ ـ ئېتىقاد، زۆرۈرىيەت تەسىرىدە، ھەممە دىنلاردا ياخشى مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سېھرىگەرلىك يامان دەپ قارالغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى دىنلاردىكى مۇقەددەس كىتابلار، مۇقەددەس شەيئىلەر، تەرەپلەر، ۋاقىتلار ھامان سېھرىگەرلىكنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ھەرقايسى دىنلارغا مۇناسىپ ئۆزگىرىش ياسىشىغا مۇھىم ئاساس بولۇپ بەرگەن. ھازىرقى زامان دىنلىرى ئىچىدە ھەرقايسى ساھەلەرگە تەدبىق قىلىنىپ تۇرۇۋاتقان سېھرىگەرلىك قىلمىشلىرى ئەنە شۇ پىكرىمىزگە مىسال بولىدۇ.

ئىزاھلار

① مالىنوۋسكىي: «مەدەنىيەت توغرىسىدا»، فېي شياۋتوڭ تەرجىمىسى، خۇاشىيا نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە، 59 ـ 61 ـ بەتلەر.

② مالىنوۋسكىي: «سېھرىگەرلىك، پەن، دىن ۋە ئەپسانە»، لى ئەنجەي تەرجىمىسى، سودا ئىشلىرى كىتاب بېسىش يۇرتى، 1946 ـ يىلى نەشرى، 175 ـ بەت.

③ ۋىلىيام سىمىت: «ئىپتىدائىي دىن ۋە ئەپسانە»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 154 ـ بەت.

④ ئېمىلىي دۇركېم: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە، 477 ـ 478 ـ بەتلەر.

⑤ مالىنوۋسكىي: «مەدەنىيەت توغرىسىدا»، 57 ـ بەت.

⑥ مالىنوۋسكىي: «سېھرىگەرلىك، پەن، دىن، ۋە ئەپسانە»، 81 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 56 ـ بەت.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، فولكلور پەنلەر دوكتورى.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

MIRAS

### توي قىلىش ئالدىدا

يىگىت:

ــ سۆيۈملۈكۈم، بىز توي قىلغاندىن كېيىن سىز ئۆيدە باش زۇڭلى بولماقچىمۇ ياكى مۇئاۋىن زۇڭلىمۇ؟

قىز:

ــ قەدىرلىكىم، مەن بۇنداق چوڭ ۋەزىپىلەرنى زىممەمگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. مەن مالىيە مىنىستىرى بولساملا بولدى.

### كۈتۈۋېلىش

كاپىتان يېڭى كەلگەن ئەسكەرلەرنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ ئەسكەرلەرگە:

ــ يىگىتلەر، كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. ھازىردىن باشلاپ، سىلەر رەسمىي ئەسكەر بولدۇڭلار. قىسىم سىلەرنىڭ ئۆز ئۆيۈڭلار، ــ دەپ تۇرۇشىغا يېڭى ئەسكەردىن بىرى تاماكا چەكمەكچى بوپتۇ.

كاپىتان:

ــ تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا.

ــ مەن ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە بەك ئامراق!

ــ دېگىنىڭ توغرا بالام، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئۆيۈڭ، تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئاشخانىغا كىرىپ، ئاكاڭنىڭ قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشىغا ياردەملەشكىن.

### كۆز ۋە كۆزەينەك

نەۋرىسى:

ــ بوۋا، نېمىشقا خەت ئوقۇغاندا كۆزەينەك تاقىۋالىسىز؟

بوۋىسى:

ــ كۆزەينەك تاقىسا، خەتنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

نەۋرىسى:

ــ ھە، چۈشەندىم، كۆزەينەك كۆزىڭىزدىن چوڭدە!

### ئىت ۋە ئەر

ئايالى رەنجىگەن ھالدا:

ــ ئىتىمىزغا مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇپسىز، بۇ مېنى ھاقارەت قىلغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟

ئېرى:

ــ ياقەي، مەن ئىتنى سىزنىڭ ئىسمىڭىز بىلەن چاقىرغىنىمدا ناھايىتىمۇ سۆيۈنۈپ كېتىمەن.




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئايتماتوف:** رىملىقلارنىڭ شورىنى قايناتقان بۇ هاماقەت پادىشاهنىڭ سونو قىلىقلىرى توغرىسىدا يۇسىف خىلاۋىنىسنىڭ يازمىلىرى بار. «كالىگۇلار باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ، بىر مەھەل گومىرنىڭ داستانلىرىنى يوقىتىمەن، دەپ ھەيۋە قىلدى، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ئۇنىڭ ئادەملەرگە بولغان ياۋۇزلۇقى بىلەن سۈرۈن تەلەتلىكىدە چەك بولمىغان، تىرىكلەرنى ئۆلتۈرىمەن، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاتاق - داڭقىنى ئۆچۈرىمەن دەپ سەكپارە بولدى. ئۇنىڭ خەلققە سالغان ئالۋان - سېلىقلىرىنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پادىشاه، بولۇپمۇ مەن بىلەن بەس - بەسكە چۈشۈپ، ماڭا كۆندەشلىك قىلىدۇ دېگەن دۆلەتمەن، ئېسىلزادە قەبىلىلەرنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن ھەممە بايلىقىنى ماڭا قالدۇرىسەن دەپ زورمۇزور ۋەسىيەتنامە يازدۇرىدۇ، كېيىنسىگە ۋەسىيەتنامە ئىگىسىنى جىنايەتچى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا كېسىدۇ - دە، بارلىق مال - دۇنياسىنى ئۆزى ئىگىلەپ ئالىدۇ. رىملىقلارنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتكىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى كونسۇللۇققا تەيىنلىگىنى ئىدى ...»

ھايۋاننى مەخسۇس مەملىكەت خىزمىتىگە تەيىنلەش تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. كالىگۇلا بولسا ئېتىغا مەرمەردىن ئورۇن ھازىرلىتىپ، يەم يەيدىغان تەڭنىسىنى پىل سۆڭىكىدىن ياساتقۇزىدۇ. مۇشۇنداق يالىڭاچ تەلۋە ھۆكۈمرانلىق يولىنى تۇتقان كالىگۇلا ئۆزى پادىشاه بولغان تۆت يىلنىڭ ئىچىدە مۇستەھكەم مەملىكەتنى توسالغۇسىز پادىشاھلىققا ئايلاندۇرۇپ توختايدۇ. ئۆزى دۆلەتنىڭ باش بۇلاڭچىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن قالغان ھۆكۈمرانلار قاراپ تۇرسۇنمۇ، قارىپايىم خەلقنى زۇلۇكتەك شورايدۇ، مەملىكەت خەزىنىسىدىكى 2 مىليارد 700 مىليون سىستېرىتسىي (پۇل) بىر يىلنىڭ ئىچىدە شامالغا سورۇلۇپ، پۈتۈن خەلق تۇشمۇتۇشقا قاڭقىرىپ كېتىدۇ. چەكسىز ھۆكۈمرانلىق بىلەن بايلىقتىن مەستخۇش بولغان كالىگۇلا قىزى دۇنياغا كەلگەندە رىم خەلقىگە جار سېلىپ،

نارەسىدە بالىنى بېقىش، تەربىيىلەش ۋە ياتلىق قىلىش مەزگىلىدىكى جاھاز ـ مۈلۈكلىرى ئۈچۈن پۇل يىغىشنى تەلەپ قىلغان. يېڭى يىلنىڭ دەسلەپكى كۈنى پادىشاھ بېشى بىلەن سارايىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇۋېلىپ خەلق تاشلىغان تەڭگىلەرنى يىغىدۇ، دۆۋىلىنىپ كەتكەن تەڭگىلەرنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولىدۇكى، ئوچۇملاپ، ئوچۇملاپ بېقىپ، ئۇلارنى مەيدىسىگە بېسىپ باقىدۇ، ھەتتا ئۈستىگە چىقىپ ئېغىنايدۇ. كۇنسايىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلەردىن، گۇناھقا يەتكەنلەردىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئالغان پارىلارغا قانائەت قىلماي، سارىيىدا ئۇچىدىغان ئوغرىلار بىلەن قاراقچىلارنى ساقلاپ، خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، ئۈستىگە خالايىقنىڭ ئويغا كەلمەيدىغان ئالا ـ بۇلىمان گەزلىمىدىن كىيىم تىككۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ. «رىملىقلارلا ئەمەس، ھەتتا ئەركەكلەرمۇ كىيمەيدىغان بىر نېمىلەرنى يېپىنىپ خەقلەرنىڭ ئالدىغا چىققان، گاھىدا قىزىل ـ يېشىل گۈللۈك گەزلىمىدىن ئۈستىگە ئاياللارنىڭ ئۈزۈن ئېتەك كۆڭلىكنى، ئايىغىغا ئاياللارنىڭ بەتىنكىسىنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنى كۆرگەن چەت ئەللىكلەر ھەجۋىي كۈلكىسىنى يوشۇرالمىغان، رىملىقلار بولسا ئۇيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشقان» دەپ يازىدۇ. كېيىنسىگە گرېتسىيە تارىخچىلىرى، ساقلىنى ئالتۇنغا بوياپ يۈرگىنى، ھەتتا ئاتاقلىق ئالېكساندىر ماكېدونىسكىينىڭ قەبرىسىنى ئاچقۇزۇپ، ئۈستىگە ئۇنىڭ ساۋۇتىنى كىيىپ تەنتەنە قىلغان سودايىلىقىمۇ خەلقنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەچچىلىگەن ئۇرۇش بىلەن قەھەتچىلىكلەرگە چىدىغان رىم خەلقى ئۆز پادىشاھىنىڭ مۇشۇنداق رەسۋالىقىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرى، تەلۋە كالىگۇلانى يوقاتمىساق، مەملىكەت ئاغدۇرۇلىدۇ، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. پادىشاھ ئۆلتۈرۈلدى دېگەندە، رىملىقلارنىڭ يېرىمى بۇمۇ كالىگۇلانىڭ نۆۋەتتىكى ئويۇنى دەپ ئىشەنمەيدۇ، قالغان يېرىمى بولسا، بىر ـ بىرىدىن سۆيۈنچە سورىشىپ كېتىدۇ، خۇدايىم، كەلگۈسىدىكى مەملىكەت باشچىلىرىنى مۇشۇنداق مەسخىرىلىك تەقدىردىن ساقلىغاي!

**چاقانوف:** ئەمدى رىم دۆلىتىگە 121 ـ 139 ـ يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مارك ئاۋرىلى بولسا كالىگۇلاغا قارشى سىما ئىدى. ئۇ «ئۆزۈمگە قالغاندا» ناملىق چوڭ كىتاب يازغان، ئۇنىڭ نامى ئالەمگە ئەڭ ئادالەتلىك پەيلاسوپ ـ پادىشاھ دېگەن ئاتاق بىلەن تارالدى. ئەلنى قانداق ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمران ئۆزىنى ئۆزى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە يېزىلغان بۇ پەلسەپىۋى ئەسىرىدە ئۇ: «ئۆزۈڭ ئىشلەۋاتقان ئىشنى دائىم رىملىققا ماس تۇردە ئىشلىشىڭ لازىم. پاك يۈرەك بىلەن، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەت بىلەن، ئەركىن ھەم سادىقەتلىك بىلەن، يەنە باشقا ئوقۇملارنىڭ، باشقا كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ قىلغان تۇزۇك. بۇنداق قىلىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. ناۋادا سەن ئىشلەۋاتقان ئىشىڭنى ھاياتىڭدىكى ئاخىرقى خىزمەتىڭدەك كۆرۈپ، ئەقىلسىزلىك قىلماي، ئىككى يۈزلىمەچىلىكتىن، ئۆز تەقدىرىڭگە سەل قاراشتىن خالىي ھالدا قىلساڭ» دەپ يازىدۇ. بۇ پادىشاھ بىر ئىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، مەيلى ئۇ ھەربىي ئىش ياكى مۈلكىي ئىش بولسۇن، ھەر دائىم خىزمەت ئورنىدىكى كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان. ئاۋرىلى: «مەملىكەتنىڭ بىر كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنغاندىن كۆرە تولىمۇ تەجرىبىلىك دوستلارنىڭ كېڭەشكە قۇلاق سالغىنى ياخشى» دېگەن سۆزنى پات ـ پات ئېيتىپ تۇرىدىكەن. ئوۋىدى كاسىي سىرىيادا پادىشاھقا سۇيىقەست قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرىغا يوللىغان خېتىنى ئەكېلىۋاتقان كىشى قولغا چۈشىدۇ ـ دە، خەت مارك ئاۋرىلىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، شۇ چاغدا ئاۋرىلى خەتنى ئاچماستىن شۇ پېتى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشنى ئۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەسلىك ۋە ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە يامان

كۆرۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قىلغانىدى.

بىر رىملىق مارك ئاۋرىلىنى ئۇۋۇدى كاسسىيۇسنىڭ ئىسيانىغا شۇنچە يۇمشاق قوللۇق قىلغىنى ئۈچۈن ئەيىبلەپ: «ناۋادا سىز غەلىبە قىلمىغان بولسىڭىز قانداق بولاتتى» دەپ سورايدۇ. بۇ سوئالغا مارك ئاۋرىلى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «ئۇ غەلىبە قىلغۇدەك، بىز خۇداغا شۇنچىلىك يامان نىيەت بىلەن قاراپتىمىزمۇ؟» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى قولىدا قازا بولغان پادىشاھلارنى ئەسلەپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك سەۋەبلەرنى ھەر تۈرلۈك مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

**ئايتماتوف:** ھەئە، ئۇ خەلق بىلەن ئەركىن مەملىكەتلەردە قېلىپلاشقان ئەنئەنە بويىچە مۇئامىلە قىلىشقان، ئادەمنى ياۋۇزلۇقتىن ساقلاشتا ياكى ياخشىلىققا ئۆگىتىشتە، بىراۋنى ئەمگىكىگە، ئەقىل ـ پاراستىگە لايىق مول مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلاشتا، ئومۇمەن قايسى ئىشتا بولسۇن، ئۆلگە ـ ئەندىزە، ئەدەپلىكلىك كۆرسەتكەن، ئۇ يامانىنى ياخشى، ياخشىنى ئېسىل قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن. مارك ئاۋرىلى ئۆز ۋۇجۇدىدا خۇدا بەرگەن ئەقىل بىلەن مېھرىبانلىقنى ئۇچراشتۇرغان. ئەگەر ئۇ شۇ دەۋردە تۇغۇلمىغان بولسا، پۈتۈن رىم دۇنياسى بىتچىت بولۇپ، قانغا غەرق بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**چاقانوف:** ھەئە، رىم پادىشاھلىقىدا نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمرانلار ئۆتتى، كۆپىنچىسىنىڭ ئىسمى ھازىرقى كۈندە ئانا تارىخنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپمۇ كەتتى. بېقىندى خەلقنى مېھر ـ شەپقەت بۆشۈكىدە ئەللەيلىگەن پادىشاھ مارك ئاۋرىلىنىڭ ئاتقا مىنگەن كۈمۈش يادنامىسى، ئاردىن يىگىرمە ئەسىر ئۆتسىمۇ كاپتولى مەيدانىدا تا ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ.

**ئايتماتوف:** پلۇتارىخنىڭ «يەتتە ئۆلىمانىڭ سۆھبىتى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇۋېتىپ، فالەس، سولۇن، كىلەبۇل، بىياخت، فىلون، پېرىياندىر، پىتتاك قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ پادىشاھلارغا بەرگەن مىجەزنامىسى بىلەن ئۇچراشتىم.

**چاقانوف:** سۆزىڭىزگە بىر ئېغىز قىستۇرما، شۇ پلۇتارىخ سۈرەتلىگەن مەشھۇر «سولۇننىڭ دادىسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ دۆلەتمەن كىشىسى ھېسابلانغان ئېكىسىدمۇ ئانىسى پىستراتىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىدى» دەپ يازىدۇ. تارىخچى گراكلىد پونتىسكى ئۆز دەۋرىدە شائىر، يازغۇچى، پەيلاسوپ ھەم ئىزگۈنىيەتلىك، ساخاۋەت ئىگىسى سۈپىتىدە ئانا يۇرتىغا كەڭ تونۇلغان. سولۇننىڭ تەختكە چىقىشىمۇ قىزىق، ياش چاغلىرىدىنلا سودىغا بېرىلىپ ئۆسكەن، كەلگۈسى تاجۇ ـ تەخت ئىگىسى ئىلىم بىلەن جەدىتچىلىكنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈپ ئەلمىپەرۋەر دەپ ئاتىلىدۇ. بايلىق ئۇنى قىزىقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئالتۇنغا مەست بولغانلاردىن مەنىۋى بايلىقنىڭ قېشىدا ئۆزىنى خېلىلا يۇكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىلىمدانلىقىغا، ئەقىللىكلىكىگە ھەيران قالغان ئافىنالىقلار ئۇنىڭدىن مەملىكەت باشقۇرۇشنى، قوشنا ئەللەر بىلەن توختىماي بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارنى توختىتىشنى ئۆتۈنگەن. مەملىكەتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان سولۇن: «سىياسەتدانلىق دېگەن ئالدامچىلىق» دەپ ئۆزى ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىدۇ. ئىلگىرى جىنايەت بىلەن مۇناسىۋەتى، بايلار بىلەن ھەمتاۋاقلىقى يوق ئۇ كىشى ئەمدى ئەلنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن پات ـ پات خەلقنى ئالداشقا باشلايدۇ. ئالدى بىلەن يەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىمەن دەپ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە يالغان ئېيتسا، بىر ئۆرۈلۈپلا بايلارغا: يەرنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەققىڭلارنى ئىلىپ بېرىمەن دەپ، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئالىدۇ. نەتىجىدە، قارا تاپان گادايمۇ، بايلىقى تۆكۈلۈپ ـ چېچىلىپ تۇرغان بايمۇ سولۇننى ئۆز ئادىمىمىز دەپ ھېسابلايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ «تەڭ ـ باراۋەرلىك ئۇرۇش پەيدا قىلمايدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزى كەڭ تارىلىپ كېتىدۇ. ئۆمۈرۋايەت شېئىر يېزىپ، شائىرلىقنى ھەممىدىن يۇقىرى ساناپ كەلگەن ئۇ كىشى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىمۇ شېئىر يازىدۇ.

2004.2

ئايتماتوف: شۇ شېئىردىن بىلىنىپ تۇرغانىدەك،
گرېتسىيە قانۇن ساھەسىنىڭ ئىسلاھاتچىسى دەپ ئاتالغان
سولۇن يۇرت سوراپ تۇرغان مەزگىلدە مەملىكەت ئىش-
لىرىغا پايدىلىق نۇرغۇن قانۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ. مە-
سىلەن، دۆلەت پۇقرالىقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ھەققىدە،
ئەل ئىچىدە نىزا تۇغۇلغان شارائىتتا، ھېچقانداق پارتىيىگە
كىرمەي، ئۆزلۈكىدىنلا جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئا-
دەمنى پۇقرالىقىدىن ئايرىش، بىر قارىغاندا، ھېچقانداق
ئەقىلغا سىغمايدىغان نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، قانۇن-
نىڭ مۇشۇ تارمىقى ئارقىلىق سولۇن ئادەملەرنىڭ سىياسىي
ئەھۋالىغا دائىم نەزەر سېلىپ، ئورتاق ئىشقا سەل قارى-
ماسلىقنى، قىيىنچىلىقنى تەڭ بۆلۈشۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.
ئۇنىڭ يەنە بىر ئىزگۈ ئىشى ۋاپات بولغان ئادەم ھەققىدە
يامان سۆز سۆزلەشنى قەتئىي مەنئى قىلغانلىقى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، چېركاۋ بىلەن ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە سوت
بۆلۈملىرىدە بەدنۇيي سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە
چەك قويىدۇ. بۇ تەرتىپكە رىئايە قىلماي، بىلىپ تۇرۇپ
خىلاپلىق قىلغان ئادەم مەملىكەت ئالدىدا جىنايەتچى ھې-
سابلىنىپ قاتتىق جازالىنىدۇ. دىن بىلەن نەپەسداش بولغان
بۇ چارە ـ تەدبىرلەر قاراپايىم خەلققە تولىمۇ ياقىدۇ، ھۆ-
كۈمراننىڭ نامىغا مەدھىيە سۆزلەر تاشقىنلاپ ئاقىدۇ.
سولۇن ئۆزى چىقارغان قانۇننى ئۆزى ئىجرا قىلمىغان
مەملىكەت ئاخىرى ئاغدۇرۇلۇپ توختايدۇ دەپ ھېساب-
لاپ، بۇ قانۇنلارنى ئاز بولغاندا يۈز يىلغا يېتەرلىك قى-
لىپ، دەرەخكە ئويۇپ يازدۇرىدۇ. سولۇن ھاكىمىيەت بې-
شىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى يۇرت سورىغان
دراكونتىت چىقارغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ.
دراكونتىتنىڭ جىنايەتچىگە قوللانغان ئەڭ سۆيۈملۈك
جازاسى ئۆلۈم جازاسى بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ چېركاۋ
بۇزغانىنىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرگەنىنىمۇ ھەتتا مېۋە ـ چېۋە
ئوغرىلىغانىنىمۇ جىنايەتچى دەپ ھېسابلىغان. شۇ مەزگىلدە
دراكونتىت مەملىكەتنىڭ قانۇننى قارا سىياھ بىلەن ئەمەس
قان بىلەن يازدى دېگەن گەپلەر جاھانغا بىر كېلىدۇ.
دراكونتىتنىڭ رەھىمسىز قانۇنلىرىنى بىتچىت قىلغان سو-
لۇننىڭ بۈيۈكلۈكى دەرەخ ئۈستىدە ئۈچمەي ساقلىنىپ،
بۈگۈنكى ئەۋلادقا يېتىپ كەلدى.

چاقانوف: سولۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە
ئافىنادا پاھىشۋازلىق تۈگىتىلگەن. «ئاياللار بىلەن قىز-
لارنى ئوغرىلىسا ياكى ئۇلارغا زورلۇق قىلىنسا يۈز درا-
خىم ① ، دەللاللىق قىلغانلارغا يىگىرمە دراخىم جەرىمانە
قويۇلسۇن، قىزنى، سىڭلىسىنى پۇلغا ساتقانلار جەمئى-
يەتتىن يوقىتىلسۇن» دېگەن ھۆكۈمى مەملىكەتتىكى ھەر
تۈرلۈك باشباشتاقلارغا، نومۇسسىز نوچىلار بىلەن تەنناز
خېنىملارغا توسقاۋۇل قويىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ پۇلنىڭ تازا
قىس مەزگىلىدە يىگىرمە دراخىم جەرىمانە تۆلىگەندىن
كۆرە ئۇمۇرۋايەت قۇللۇقتا ئۆتكەن يەڭگىلرەك بولغان.

ئايتماتوف: ئارىستوتىلنىڭ يازمىلىرىدا پادىشاھ سو-
لۇن بىلەن ئاناخارسىسنىڭ دوستلۇقى ھەققىدىكى مەلۇ-
ماتلارنى ئۇچرىتىمىز. گرودوتنىڭ بايان قىلىشىچە، ئانا-
خارسىس سىكىف پادىشاھى قەدىمكى پېرسىيە ھۆكۈمرانى
دارا بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئىدەنخارىسنىڭ تۇغقىنى. دېمەك،
ئاناخارسىس تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ تۈپ ئاتىسى
ھېسابلىنىدىغان سىكىفلاردىن چىققان ئۆلىما ئالىم، ھۆ-
نەرۋەن ھەم ئالەمنى ئاغزىغا قاراتقان ناتىق ۋە پەيلاسوپ.
ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن تاپقۇرلىقىغا قايىل بولغان
ئەللادا ئېلىدە ئۆز ۋاقتىدا «سىكىف مۇنداق دەيدۇ» دې-
گەن گەپ ماقال بولۇپ تاراپ كەتكەن. ئىپتىدائىي دۇنيا
تارىخچىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى گۇۋاھقا تارتساق، ئانا-
خارسىس (ئانارىس) سىكىفسكى قارا دېڭىز بويلىرىدىن
گرېتسىيە زېمىنىگە ھۈنەر ـ بىلىم ئىزدەپ كەلگەنمىش.
ئۇنىڭ سولۇن ۋە باشقا پادىشاھلار بىلەن بولغان دوست-
لۇقى نامىنى ئالەمگە مەشھۇر قىلىۋېتىدۇ. يۇقىرىدا نامى
ئاتالغان يەتتە ئۆلىما پادىشاھ ئاماسىقا مۇنداق دەپ ئە-
قىل ـ يول كۆرسىتىپتۇ. بۇ يىغىلىشقا ئاناخارسىسمۇ قاتنى-
شىپتىكەن.

سولۇن: «مېنىڭ پىكرىمچە، ئەگەر ئۆزى بىلەن ھۆ-

كۈمەت ھۆكۈمرانلىقىنى خەلق ھۆكۈمرانلىقىغا ئايلاندۇرالىسىلا ئۇ پادىشاھنىڭ داڭقى تېخىمۇ ئارتىدۇ».

يىبانىت: «شۇ چاغدىلا ئۇ قانۇنغا بويسۇنۇشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىدۇ».

فالەس: «ناۋادا پادىشاھنىڭ يېشى يېتىپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتسە، بۇ پادىشاھنىڭ بەختى».

ئاناخارسىس: «بۇ ئۇنىڭ ھەممىدىن ئەقىللىق بولغىنى».

كلبۇل: «ئۇنداقتا ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئەگەشمەيدىغان پادىشاھ».

پىتتاك: «خۇشامەتچىلەرنىڭ ھەر دائىم ئۆز بېشى ئۈچۈن قورقۇپ يۈرگىنى ياخشى، پادىشاھ شۇ چاغدىلا ئەلدە مۇقىملىق ئورنىتالايدۇ».

خىيلون: «پادىشاھنىڭ ئوي ـ پىكرى ئۆلۈم ئەمەس، مەڭگۈلۈك ھەققىدە بولۇشى كېرەك».

پېرىياندىر: «بىر نەرسىنى ئەسكەرتكىم كېلىدۇ: مۇشۇ ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەقىل بىلەن ھەزىم قىلغان كىشى ھاكىمىيەتتىن قولنى يۇيۇش كېرەك».

تۈركىي خەلقلەر زېمىنىدا تۇغۇلۇپ، بىلىمى بىلەن يات ئەلنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا ھېسابسىز ھەسسە قوشقان ئاناخارسىس بوۋىمىزغا گرېتسىيىدە يادنامە ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ يان تەرىپىگە «باشقا بالا تىلدىن كېلىدۇ»دېگەن ماقالە ئويۇپ يېزىلغان. ئاناخارسىسنىڭ «كېمە تاختىيىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ تۆت ئىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن كېمىدىكىلەر ئۆلۈمدىنمۇ تۆت ئىلىك يىراقلىقتا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم»دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى خەلقىنىڭ ئېسىدە قالدى. ئۇلۇغ سولۇن باقىي ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، قارا دېڭىز بويلىرىغا، قەدىمىي سىكىف دالاسىغا قايتىپ كەلگەن ئاناخارسىس ئاخىرى قىساس بىلەن ھەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئۆز تۇغقىنىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ.

پارىژىمىزنى مۇشۇ سالا بويىچە داۋاملاشتۇرايلى. «بىزدىن كېيىن ئالەمنى سۇ باسسىمۇ مەيلى» دېگەن شەرمەندە ماقالىنىڭ ئىگىسى، فرانسىيە پادىشاھى ليۇدۋىك XIV 72 يىل ياۋۇزلارچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇ قارىمىقىدىكى خەلقىنى قانداق بولسا شۇنداق باشقۇرۇشقا، ھەتتا خالىغان ۋاقىتتا ئېتىپ، ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ھوقۇقۇم بار دەپ ھېسابلايدۇ». «مەملىكەت دېگەن مەن» ليۇدۋىك XIV نىڭ بۇ ھاكاۋۇرانە سۆزى ھازىرغىچە سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا خۇشامەتچىلەر توپلىنىپ، ئۆمۈرۋايەت بىر ـ بىرىگە ئورۇن بېرىشمەي، جېدەل غەۋغا بىلەن ئۆتىدۇ. چۈنىقىغان يىلقىدەك باش سىلكىپ تۇرغان ئاقسۆڭەكلەر تاڭ يورا ـ يورىمايلا پادىشاھنىڭ كىيىم كىيىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۈگۈرەيدىكەن، بىرى، ئىچ كىيىمىنى، يەنە بىرى ئىشتىنىنى ئەپ بېرىپ پايپېتەك بولغان بىچارىلەر پادىشاھ بۈگۈن كۆڭلەكنىڭ ئېقىنى ئەمەس، كۆكنى كىيىشى كېرەك، دەپ ئۆزئارا ئۇزاق تالاش ـ تارتىش قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ليۇدۋىكXIV نىڭ كىيىم كىيىش مۇراسىمى ھەر كۈنى ئىككى سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ. مۇشۇنداق خىزمەتلىرى بىلەن ياققان ھۆكۈمرانلار ۋەكىللىرىگە پادىشاھ شۆھرەت بىلەن مۇكاپاتنى ئوچۇملاپ چېچىپ، ھەتتا ھەر تۈرلۈك خىزمەت بالداقلىرىنى ئويلاپ تېپىپ، ئاي ئۆتكۈزۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ تۇرغان. ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ كىشى تاڭ قالغۇدەك بولىدۇ، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، نۆۋەتلىشىپ كىرىپ قاقماي پادىشاھنىڭ ئىچ كىيىمىنى، كەيمە چېچىنى، تەرەت سىندۇرىدىغان قاچىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ چىقىدۇ. ليۇدىۋىكXIV نىڭ بىر ياشلىق قىزىنىڭ 80 مۇھاپىزەتچىسى بولسا، ئۆزىگە خىزمەت قىلغانلارنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆمۈربويى قىلغان ئەيش ـ ئىشرىتىگە، ئوۋچىلىقىغا، ساراي خىزمەتكارلىرىغا كەتكەن ھېسابسىز خىراجەت نامراتلار تۆلەۋاتقان ئالۋاڭ ـ سېلىقتىن چۈشكەن. ئالۋاڭنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلەرنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشقاندى. فرانسىيە خەلقى قارا تاپان قاقسەنەملىكنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئەڭنى پۈتۈنلەنمەي

يۈرگەندە پادىشاھ توخلۇققا شوخلۇق قىلىپ ھەشەمەتلىك ۋېرسال سارىيىنى سالدۇرۇپ، تاملىرى بىلەن ئاستىنى پۈتۈنلەي مەرمەردىن ياساتقۇزىدۇ. سارايىنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىغا 400 ھاۋۇز ئورناتقۇزىدۇ. پادىشاھ پەقەت مۇشۇ ساراي قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا 47 يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلغان. مۇشۇنداق ھەشەمەتخورلۇقى ۋە تولىمۇ قورقۇنچاقلىقى بىلەن پادىشاھ زامانداشلىرىنىڭ ئېسىدە قالغان. يېنىمدىكى مەنسەپدارلىرىم بىلەن خىزمەتكارلار سۇيىقەست قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ، سارىيىغا 35 ئادەمدىن تەركىب تاپقان سېھىرگەرلەر توپىنى تۇرغۇزغان. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە رەسۋا ئىشنىڭ ئۇيۇتقۇسى ئۆزىنىڭ تازا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئاتونودى مونتىلىپائون بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەسخىرىۋازلىقى ساقچىلار تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئاخىرى پادىشاھ «غەمگۇزار» لىرىنى قوغلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ليۇدۋىك XIV شۇنچىلىك نادان ۋە شۇنچىلىك رەھىمسىز ئىدىكى، بىر قېتىم پادىشاھقا چاياندىن داستىخان ھازىرلىغاندا ئۈستىگە تۇز قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان. ئاشپەز پادىشاھنىڭ بۇنداق ئۇنتۇغاقلىقنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، جازا قوللانماي تۇرغاندا جان تەسلىم قىلاي دەپ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ئېغىر تۇرمۇش، چەكسىز ئېزىلىشتىن چىدامى چېكىگە يەتكەن فرانسىيە خەلقى پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، كەينىدە قالغان ئۇرۇق ـ ئۇجۇقنى ئاياۋسىزلىق بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ.

**چاقانوف:** مەسىلەن، تۈرك سۇلتانى ئابدۇل ئەزىزنىڭ سارىيىدا بەش مىڭدىن ئارتۇق خىزمەتكار كېچە ـ كۈندۈز كىرپىك ئىلمەي، ئاياغلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن بېسىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىكەن، شۇ خىزمەتكارلارنىڭ بىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئاندا ـ ساندا سۇلتاننىڭ تىرنىقىنى ئەپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپتۇ.

تارىخقا ئىنچىكە نەزەر سالغان كىشى نى نى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ داھىيلار بىلەن خەلقنى قاڭقىر قاقشاتقان جالالات ۋە نادان، ياكى تۇرغان ـ پۈتكىنى تەنتەك بالىنىڭ ئويۇنىدەك ھاماقەت ھۆكۈمرانلارنىڭ تۈرلۈك تۈمەن خىلىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى چوقۇم. ۋاۋىلوننىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم مىڭ يىل ھايات كەچۈرگەن پادىشاھى 2 ـ ناۋۇخودونوسورنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمۇ بەزىلەرگە ئىبرەت بولىدۇ. ئۇ، مىدىيا پادىشاھىنىڭ قىزى گۈزەل سېھىرامداغا ئۆيلىنىدۇ. بىر ـ بىرىنى قاتتىق ياخشى كۆرۈشىمۇ گۈزەل سېھىرامدا ۋاۋىلوننىڭ توپىلىق ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كوچىسىنى ياقتۇرماي، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تاغلىق، سالقىن، ھەيۋەتلىك ئۆلكىنى سېغىنىپ دىمىقتا بولىدىكەن. ئايالىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىشنى بىلمىگەن بىچارە پادىشاھ مىڭلىغان قۇل بىلەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى چىدىغۇسىز ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ مىدىيادىكىدەك كاتتا باغ ياساتقۇزىدۇ. خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئاسما باغ بەرپا قىلدۇرىدۇ. قاراقچى ئەۋەتىپ زېمىننىڭ يىراق بىر چېتىدىن سايرايدىغان خۇشئاۋاز قۇشلارنى ئەكەلدۈرىدۇ. بۇلاقنىڭ ئېقىنىنى بۇراپ، سۈنئىي ئېقىن ياسىتىدۇ. بۇ چاغدا شامۇسەھەرلەردە ئەمگەك قىلىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن قۇللار بىلەن تۇتقۇنلار قىرىلىپ كېتىدۇ. گۈزەل ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ يۈرگەندە ئۆزىمۇ تازا كاردىن چىقىپ، قېرىپ مونۇپ كېتىدۇ. خەلقى پۈتۈنلەي نامرات ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ماروككو سۇلتانى مۇلسەي ئىسمايىلنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇ 2 ـ ناۋۇخودونوسور بىلەن قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ خەلقىنىڭ ھەممىۋا بايلىقىنى يىغىپ، ئۆزىگە خاس بىر پۈتۈن شەھەردىن تەشكىل تاپقان بۆلمە سالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 چاقىرىمغا سوزۇلىدۇ. ئەللىك سارىيى ۋە ئون ئىككى مىڭ يىلقا سىغىدىغان ئاتخانىسىمۇ بار ئىكەن.

**مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

---

① دراخىم — گرېتسىيە پۇلى

# تورونتودىكى «ئاناتىل ئۆگىتىش چېكى»



2004.2

## كېچىدە ئىشىك چەككەن فرانسىيىلىك موماي

2002 ـ يىل قىشتا، ئائىلىمىز بويىچە كانادانىڭ تورونتو شەھىرىگە كۆچمەن بولۇپ كەلدۇق.

ئورۇنلىشىپ بولغان كۈنى كەچتە، كەچلىك تامىقىمىزنى ئەمدىلا يەپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك چېكىلىپ، ئۆزى سېمىز، چاچلىرى ئاقارغان بىر چەت ئەللىك موماي ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئىسمىنىڭ لېسسىڭ ئىكەنلىكىنى، فرانسىيىلىك كۆچمەنلىكىنى، ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېسسىڭ خانىمنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ماڭا بىر پارچە باغاقچىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئۆيۈمنىڭ تېلېفون نومۇرى، سىلەر يېڭى كەلدىڭلار، نۇرغۇن ئىشلاردا كۆنەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن، سىلەرگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە تەييارمەن» دېدى ھەمدە ئوغلۇم كەن كەننىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى.

ئۇنىڭ قىزغىنلىقى مېنى ھەم ئېرىمنى، شۇنداقلا ئون ياشلىق ئوغلۇم كەن كەننى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى.

ئىككىنچى كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، لېسسىڭ خانىم يەنە شۇ ۋاقىتتا ئىشىكىمىزدە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ قولىغا بىر دەستە گۈل ئېلىۋالغان بولۇپ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن: «ئوماق ئوغلۇڭلارنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟» دېدى. بۇ ئىش ماڭا سەل غەلىتىرەك تۇيۇلغان بولسىمۇ چاندۇرمىدىم: «بولىدۇ، بولىدۇ، قېنى مەرھەمەت».

لېسسىڭ خانىم كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خۇددى سېھىرگەردەك سومكىسىدىن ئىككى پارچە كىتابنى چىقاردى. ئۇنىڭ بىرى ئىنگلىز يېزىقىدىكى «تورونتودىكى ئىش بېجىرىش قوللانمىسى» بولۇپ، ئۇنى ئېرىمگە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىرى فرانسۇز يېزىقىدىكى «كىچىك شاھزادە» دېگەن كىتاب بولۇپ، ئۇنى ئوغلۇم كەن كەنگە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«مەن فرانسۇزچىنى بىلمەيمەن، بۇ كىتابنى كۆرەلمەيمەن، رەھمەت سىزگە» دېدى باياتىن بېرى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان كەن كەن لېسسلىڭ خانىمغا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ لېسسلىڭ خانىمنىڭ چىرايى سەل تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى: «قوزام، بۇ بىر ئۇلۇغ كىتاب، چوقۇم كۆرۈشۈڭ كېرەك، فرانسۇزچىنى بىلمىسەڭ ھېچۋەقەسى يوق، مەن ساڭا ھازىردىن باشلاپ ئۆگىتىمەن» دېدى.

بۇ چاغدا مەن ۋە ئېرىم لېسسلىڭ خانىمنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ كەن كەنگە فرانسۇزچە ئۆگىتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

ئەسلىدە، لېسسلىڭ خانىم بىر تىل مەكتىپىنىڭ خالىس ياردەمچىسى بولۇپ، يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەرگە ھەقسىز فرانسۇزچە ئۆگىتىدىكەن.

كەن كەنگە مەكتەپ ئوقۇشۇپ بولغىچە، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە لېسسلىڭ خانىمنىڭ ياردىمىدە فرانسۇزچە ئۆگەندى.

ئۇزۇنغا قالماي، كەن كەن فرانسۇزچە «بۈگۈن نېمە تاماق يەيمىز؟ ئەتە قار ياغامدۇ ـ يوق؟» دېگەنگە ئوخشاش ئاددىي سوئاللارنى سورىيالايدىغان بولدى. ئېرىم بىلەن ئىككىمىز لېسسلىڭ خانىمنىڭ خالىس ياردىمىدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇق.

## يېرىم يولدا قوشۇلغان ياپونلۇق بوۋاي

ئىككى ئايدىن كېيىن، كەن كەن كانادادا مەكتەپكە كىردى. بىر كۈنى چۈشتە، تۇيۇقسىز ئىشىكىمىزنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، بوسۇغىدا پاكىز قېرىغان ئاسىيالىق بىر بوۋاي پەيدا بولدى. بوۋاي ئىسمىنىڭ فۇجى خارا ئىكەنلىكىنى، ئۇدۇلدىكى بىنادا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئەدەپ بىلەن فۇجى خارا ئەپەندىدىن مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئوغلىڭىز مۇشۇ ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، مەن ھەر كۈنى ئۇنى مەكتىپىگە ئاپىرىپ ـ ئەكەلسەم قانداق» دېدى.

فۇجى خارا ئەپەندى يەنە بۇ ئىشنى خالىس قىلىدىغانلىقىنى، ھەق ئالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوغلۇم ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

كەچتە ئېرىم ئىككىمىز مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، كەن كەننى مەكتىپىگە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدىغان ئىشنى فۇجى خارا ئەپەندىگە تاپشۇرۇشنى كېلىشتۇق.

ھەش ـ پەش دېگۈچە مىلاد بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئىككىيلەنگە نېمە سوۋغا ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقىنىمىزدا، ئويلىمىغان يەردىن فۇجى خارا ئەپەندى بىزدىن چاققان چىقىپ، ئىشىكىمىزدە پەيدا بولدى. ئۇ كەن كەنگە ئوغۇل باللار ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇق تاپانچا، قۇراشتۇرۇپ ئوينايدىغان رەسىم دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىلغان بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تۈپ ئارچا دەرىخى سوۋغا قىلدى. بۇ ئىشتىن ھەممىمىز بەك خۇشال بولۇپ، نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. دەل شۇ چاغدا، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، لېسسلىڭ خانىم كىرىپ كەلدى، «كەن كەن، قاراپ باقە، مەن ساڭا نېمە ئېلىپ كەلدىم!» ئۇ شۇنداق دېگەنچە، سوۋغات قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىن يۇڭ يىپتا توقۇلغان بىر دانە بۆكنى چىقاردى. لېسسلىڭ خانىم پەخىرلەنگەن ھالدا: «بۇنى ئۆزۈم قولدا توقۇغان» دېدى. ئۇ شۇ چاغدا، كرېسلودا ئولتۇرغان فۇجى خارا ئەپەندىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. «ۋۇي، فۇجى خارا ئەپەندىغۇ بۇ، سىز بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟». ئەسلىدە ئۇلار بۇرۇندىن تونۇشىدىكەن. فۇجى خارا ئەپەندى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، لېسسلىڭ خانىمغا ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، سەل خاپا بولغان ھالدا: «بۇ يەردە بولسام بولمامدىكەن؟» دېدى.

مەن دەرھال لېسسلىڭ خانىمغا فۇجى خارا ئەپەندىنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ياخشى دوستى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى كەن كەننى مەكتىپىگە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدىغانلىقىنى، فۇجى خارا ئەپەندىگە بولسا لېسسلىڭ خانىمنىڭ قوشنىمىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى كەچتە كەن كەنگە فرانسۇزچە ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، لېسسلىڭ خانىم بىلەن فۇجى خارا ئەپەندى بىردىنلا بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى.

بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي ئۇلارغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدۇق. كېيىن ئۇقساق ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: لېسسلىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خانىم بىلەن فۇجى خارا ئەپەندىنىڭ ھەر ئىككىلىسى تىل مەكتىپىنىڭ خالىس ياردەمچىلىرى بولۇپ، بىرى فرانسۇز تىلى، بىرى ياپون تىلى ئۆگىتىدىكەن. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگە-نىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كانادادا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى خالايدىغان باللار بەك ئازلاپ كېتىۋاتقاچقا، ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ ئىككىيلەن دائىم ئوخشاش بىر بالىنى تالىشىپ، جېدەللە-شىپ قالىدىكەن. كەن كەن مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىكەن.

**مەنمۇ چەت ئەللىك باللارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان بولدۇم**

شۇ ئىشتىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئائىلىمىزدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى.

لېسسىلىق خانىم فرانسۇز تىلىنى تېخىمۇ بېرىلىپ ئۆ-گىتىدىغان بولدى. ئۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، يەنە ھەر كۈنى كەن كەنگە ئۇششاق سوۋغىلارنىمۇ بېرىپ تۇراتتى.

فۇجى خارا ئەپەندىچۇ؟ ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ كەن كەنگە يولدا ماڭغاچ ياپونچە بەزى ئاددىي سۆزلەرنى ئۆ-گىتىشكە باشلىدى.

بۇ ئىككىيلەننىڭ زىيادە ياخشچاقلىقى بىزنى سەل خاتىرجەمسىزلەندۈردى. كېيىن، ئېرىم ياخشى بىر ئامال تاپقانلىقىنى، يەنى كەن كەننىڭ بىرلا ۋاقىتتا فرانسۇزچە-نىمۇ، ياپونچىنىمۇ ئۆگەنسە بولىدىغانلىقىنى، لېكىن لېس-سىلىق خانىم بىلەن فۇجى خارا ئەپەندىنىڭ پەقەت ئۆگە-تىشكىلا مەسئۇل بولۇشىنى، ئۇنىڭ قانچىلىك بىر نەرسە بىلىشى ۋە قانداق سەۋىيىگە يېتىشى بىلەن بەك ھېسابلا-شىپ كەتمەسلىكىنى ئېيتتى.

ئىككىنچى كۈنى، مەن بۇ قارارنى ئۇ ئىككىسىگە يەتكۈزدۈم. ئۇلار ئىككىلىسىلا بۇنىڭغا قوشۇلدى. بىراق، لېسسىلىق خانىم سەل قايغۇرغان ھالدا: «ئىشەنچلىك خە-ۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى ئىسپانىيىلىك بىر خالىس تىل ئۆگەتكۈچىنىڭ كەن كەنگە كۆزى چۈشۈپتۇ. كەن كەنگە دەپ قويۇڭ، ئۇ ھەرگىز ئىسپانچىنى ئۆگىنىپ سالمىسۇن جۇمۇ!» دېدى. مەن ئۇنىڭغا بۇنداق بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

خېلى كۈنلەردىن كېيىن،مەن بىر نەرسىنى چۈشەنمەك-چى بولۇپ ئېرىمدىن: بۇ قېرىلار نېمىشقا بۇنداق ئاكتىپ؟ ئۇلارنىڭ ساپاسى يۇقىرىمۇ؟ ياكى ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئېرىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «چۈنكى ئۇلار ۋەتىنىنى بەك قىزغىن سۆيىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەتەندىكى چېغىمدا، ئۆيدە ئوغ-لۇمنىڭ خەنزۇ تىلدا سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلماي، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىرىم ئېسىمگە كېلىپ، چەكسىز ئازابلاندىم. «مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئاشۇ قاڭشارلىقلارغا خەنزۇ تىلىنىڭ پاساھىتىنى بىر بىلدۈرۈپ قويايمىكىن دەيمەن» دېدىم-مەن ئېرىمگە.

2003 - يىلى باھاردىن باشلاپ، مەنمۇ تايغانغا ئوخ-شاش «ئوۋ» ئىزدەشنى باشلىۋەتتىم. مەن ئاشۇ سېرىق چاچ، كۆك كۆز باللارنىڭ خۇشال - خۇرام ئويناۋاتقانلى-قىنى كۆرگىنىمدە، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرى كۈنلەر-نىڭ بىرىدە مەندىن خەنزۇ تىلى ئۆگەنسە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەرمەن دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

---

خەنزۇچە «ھەپتىلىك تەرمىلەر گېزىتى»نىڭ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى ساندىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: شىنجاڭ ماتارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن تاھىر خالىق

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق سانلىرىدىن 2003 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تېلېفون: 4554017 (0991)

# ئادالەت



1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گورباچېف 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئايال لېيۇتچىك لىلى يالفېتكاغا «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» نامىنى بېرىش ھەمدە «ئالتۇن يۇلتۇز ئوردېنى» بىلەن مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى بىر بۇيرۇققا ئىمزا قويدى. بۇ ۋاقىتتا ئوردېننى ئالغۇچى «قەھرىمان»نىڭ ئۇرۇش فرونتىدا قۇربان بولغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولۇپ، بۇ «ئادالەتلىك قارار» ھەقىقەتەنمۇ كېچىكىپ جاكارلانغانىدى.

لىلى يالفېتكا كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان جەلپكار قىز بولۇپ، سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئامراقلىق بىلەن «لىلى» (Lily گۈلساماق مەنىسىدە) دەپ چاقىرىشاتتى. گەرچە ئۇ پەقەت 22 يىللا ھايات كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما جەڭ داۋامىدا 168 قېتىم ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، بىر ئۆزىلا دۈشمەننىڭ 12 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، نېمىس ئارمىيىسى توپچىلار قىسمىنىڭ بىر دىرژابىلىنى پارتلىتىۋەتكەن ھەمدە سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ قېتىم دۈشمەن ئايروپىلانىنى پاچاقلىۋەتكەنىدى. بۇ شانلىق جەڭ نەتىجىلىرى بىلەن ئۇنىڭ داڭقى يىراق ـ يېقىنلارغا تارقالغانىدى. ئۇ گۈزەللىكنى سۆيەتتى، ئۆز ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇش بۆلۈمچىسىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە گۈلساماقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويغانىدى. نېمىسلار بۇ گۈللەرنى «ئاق ئەتىرگۈل» دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ستالىنگراد ئاسمىنىدىكى «ئاق ئەتىرگۈل» دېگەن نامنى بەرگەنىدى. نۇرغۇن نېمىس لېيۇتچىكلىرى ئايروپىلان ئۇچۇش بۆلۈمچىسىنىڭ سىرتىدىكى ئوڭ ـ سول تەرەپكە سىزىلغان «ئىككى دەستە ئاق ئەتىرگۈل»نى كۆرگەن ھامان ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تىكىۋېتەتتى.

بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ۋەتىنىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشتىنمۇ ئارتۇق ئۇلۇغ ئىش يوق، لىلى ئەزەلدىن دۈشمەننىڭ توپ ئوقلىرىدىن قورقمايتتى، پەقەت ئارقىسىدىن يوشۇرۇن ئوقنىڭ ئېتىلىشىدىنلا ئەنسىرەيتتى. 1937 ـ يىلى ئۇنىڭ دادىسى «خەلقنىڭ دۈشمىنى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئازاب ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى، ئىنىسى دادىسىنىڭ جىنايىتىگە چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاپىسىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكەنىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ھېسداشلىق قىلىش، تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەمىشە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈشەتتى. شۇ يىللاردا ئۇ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بولۇپ، قىزىل تېررورلۇقنىڭ زەھىرى ئۇنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ھەمىشە بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز ھالدا تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقاتتى.

1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ سەككىز دانە «M ـ 109» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانى لىلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. يامغۇردەك ئېتىلغان ئوقلار ئاخىرى «ستالىنگراد ئاسمىنىدىكى ئاق ئەتىرگۈل»نىڭ مەڭگۈلۈك توزۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

سەپداشلىرى لىلىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن يەرگە ئابىدە تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نۇر چېچىپ تۇرغان 12 دانە بەشيۇلتۇزنى ئويۇپ، بۇ قەھ-
رىمانىنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى خاتىرىلىدى ھەمدە ئابىدىگە
«سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن خەتنى ئويۇش ئۈ-
چۈن بوش ئورۇنمۇ قالدۇرۇپ قويۇشتى. ئەكسىچە ھۆكۈ-
مەتنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئىنكاسى تامامەن باشقىچە بولدى،
بەزىلەر لىلىنى نېمىسلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان دەپ
قاراپ، ئۇنىڭ جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىدىن گۇماذ-
لاندى، بەلكى دادىسى سياسىي جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاش-
لانغان بولغاچقا، لىلى «ئىشەنچىسىز» دەپ قارالدى. بۇ
پەرەز گويا زەھەرلىك دۆگە ئوخشاش بەزى ئادەملەرنىڭ
رەزىل، قاتمال قەلبىنى چىرمىۋالدى، شۇ سەۋەبتىن جەڭدە
غايەت زور تۆھپە ياراتقان بۇ قەھرىمان ھۆكۈمەتنىڭ ھېچ-
قانداق تەقدىرلىشىگە ئېرىشەلمىدى.

بىر دۆلەت ئەلۋەتتە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان ئورۇن، ئەگەر ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ رايىنى كۆزدە
تۇتمىسا، ئادالەتنى ياقلىمىسا، ئۇ بۇ دەۋردە ئەخلاقىي پە-
زىلەتنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىغا ئوپئوچۇق سۇكۇت قىلغان بو-
لىدۇ، پۇقرالار بۇ خىل ھالەتتىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ.

ھايات ـ مامات بوسۇغىسىدا تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئا-
خىرى قەھرى قايناپ تاشتى، لىلىنىڭ سەپدىشى ئېلىننا بۇ-
نىڭغا چىداپ تۇرالماي: مەن بۇ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرگە
ئىشەنمەيمەن، «تەڭرى ئالدىدا شۇنداق قەسەمياد قىلىمەن-
كى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن ھاياتىم-
دىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى ھەم ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، لىلى
ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلىمەن!» دەپ خىتاپ قىلدى.

فرانسۇز يازغۇچىسى زولا بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن
«كىشىلىك ئادالەت تۇيغۇسى دۆلەت ئادالىتىنى قوغدايدۇ،
دۆلەتنىڭ غۇرۇر ـ ئىپتىخارى كىشىلىك ئىپتىخار ـ غۇرۇرد-
دىن تەشكىل تاپىدۇ» دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، شۇنداق دېيىش
مۇمكىنكى، كىشىلىك ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن دۆلەت ئادا-
لىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەمما تارىختا ھەمىشە مۇذ-
داق بىر خىل ئەھۋال مەۋجۇت: ھەر قېتىم ھۆكۈمەت ئادا-
لەتنى ياقلاشنى چاقىرىق قىلغاندا، خەلق ئاممىسى ئىسسىق
قانلىرى ئۇرغىغان ھالدا ئوت ئىچىگە كىرىشتىن، قايناۋاتقان
دېڭىزغا سەكرەشتىن ئەسلا قورقۇپ قالمايدۇ. پۇقرالار ئا-
دالەت تەلەپ قىلغاندا بولسا، ھۆكۈمەت ھەمىشە ئاتالمىش
زىيانسىز ئويلاپ ئۇن ـ تىنسىز ھالدا تۇگۇلۇۋالىدۇ.

1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ـ گېرمانىيە
ئۇرۇشى پارتلىدى، شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار
مىنىستىرى مولوتوف نۇتۇق سۆزلىگەندە: «بىزنىڭ ئىشلە-
رىمىز ئادالەتلىك ئىش، دۈشمەنلەر جەزمەن ھالاك بولىدۇ،
بىز چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز» دېگەنىدى. شۇ ھا-
مان پۈتۈن مەملىكەت پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ
قالدى. بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا، ھەرقايسى ئەسكەر قو-
بۇل قىلىش نۇقتىلىرى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقۇچىلار بىلەن
تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئايال لېيتېنانت-
لارمۇ بار ئىدى. ئەمما 1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
«ستالىنگراد ئاسمىنىدىكى ئاق ئەتىرگۈل» توزۇپ، خۇش
پۇرىقىدىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، ئېلىننا لىلى ئۈچۈن 40
يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئادالەت تەلەپ قىلدى، ئۇ دەسلەپ
يولدىشى بىلەن، كېيىن نەۋرىسى بىلەن بىرلىكتە بارلىق
كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، زېھنىنى، بايلىقىنى سەرپ قىلدى، ئەينى
چاغدىكى جەڭ مەيدانىغا بېرىپ، چۈشكە ئوخشاش ئۆتۈپ
كەتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى. ئىنتايىن ئازابلاندى، بۇ ئازاب-
لىنىشلارنى چۈشىنىدىغانلار بارمىدۇ؟

بىر كۈنى ئىككى ئوغۇل بالا دالىدا ئويناۋېتىپ، بىر يە-
لاننىڭ تۆشۈككە سوزۇلغان پېتى كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۇنى كولاپ چىقارماقچى بولدى. توساتتىن ئۇلار
بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى بايقاپ قالدى، جەسەتنىڭ ئۈستىدە
ئۇچقۇچىلارنىڭ پىنچىكى، يېنىدا ھۆججەتلەر بار ئىدى، ئا-
خىرى لىلىنىڭ ئىز ـ دېرىكى تېپىلدى! ئېلىننا قاتتىق ھەس-
رەتلەنگەن ھالدا: «مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئەمدى ئۆل-
سەممۇ ئارمىنىم يوق!» دەۋەتتى.

ئادالەت كىشىلەرگە پايدىلىق بىر خىل ئادىل قانۇندۇر،
ئەگەر ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ھەمىشە يېنىكلىك بىلەن سەل قا-
رايدىكەن، ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ ئۇنى ئىز-
دىگەن بىلەنمۇ ئاتالمىش بۇ ئادالەت كىشىلەر قەلبىنى ئازاب-
لايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ خەلق بىلەن
ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا
قالماستىن، پۇقرالار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئارد-
لىقنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە دۆلەتنى ھالاكەتكە
گىرىپتار قىلىدىغان پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گوربا-
چېف لىلىغا «قەھرىمانلىق ئوردېنى» بېرىش پەرمانىغا ئىمزا
قويۇپ بىر يىلدىن كېيىن كرېمل سارىيىغا چىقىرىلغان قى-
زىلبايراقنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى مانا بۇنىڭ
دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

---

«دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن مۇ-
ھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# ئۈچ مەسەل



## شەمشەر بېلىقنىڭ ئاقىۋىتى

بىپايان دېڭىزدا بىر توپ شەمشەر بېلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى ۋەھشىي لەھەڭلەرنىمۇ قورقۇنچقا سالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى دېڭىزدىكى ئەڭ بۈيۈك بېلىقلار تۈركۈمى دەپ قارايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بىر پاراخوت ئۇلار تۇرغان جايدىن ئۆتكەن چاغدا، شەمشەر بېلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ بېرىپتۇ-دە، پاراخوتقا: «ھەي كۆرۈمسىز مەخلۇق، سەن نېمىشقا بىزدەك بۈيۈك بېلىقلارغا سالام بەجا كەلتۈرمەيسەن؟» دەپ ھۆركىرەپتۇ. پاراخوت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇلار قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ-دە، پاراخوتقا غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. نەتىجىدە، ھەممىسى شەمشەرسىمان تۇمشۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، لەھەڭلەرنىڭ غىزاسىغا ئايلىنىپتۇ.

ئادەملەر ھايات كەچۈرمەن دېسە، جەزمەن بەزىبىر ماھارەتلەرنى ئىگىلىشى كېرەك. ئەمما ماھارەت ئىگىسى بولغاندىن كېيىنمۇ سالماق روھىي ھالەتنى ساقلىشى زۆرۈر. ئۆزىنى بىلەلمەسلىك پەقەت ئاچچىق مېۋە بېرىدۇ خالاس.

## قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچ پاقا

بىر قىسقۇچ پاقا جان ئۈزەي دەۋاتقان بىر دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ: «سېنىڭ ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ يەنىلا تېزرەك ئۆلگىنىڭ تۈزۈك» دەپتۇ. ئۇنىڭ توختاۋسىز قاغىشى بىلەن، قۇلۇلە ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. قىسقۇچ پاقا ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ھېلىقى قۇرۇق قاپنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپتۇ.

بىراق ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك دېگەندەك، قىسقۇچ پاقا تولىمۇ دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قاپتۇ. سىرتتا باشقىچە ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىلا، ئۇ دەرھال تۈگۈلۈپ قاپ ئىچىگە كىرىۋالىدىكەن.

باشقىلارنىڭ ئازابى بەدىلىگە خۇشاللىققا ئېرىشىش-بىر خىل ئېغىزغا ئالغۇسىز پەس قىلمىشتۇر. ئاشۇ ئاتالمىش «بەختلىكلەر» گەرچە يورۇقلۇقتا تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا تۈگۈلۈپ-قورۇنۇپ ئۆمرىنى نابۇت قىلىۋېتىپتۇ.

## مېدوزا

بىر مېدوزا چېگىش خىياللار ئىلكىدە ئۈزە-ئۈزە ئاخىرى دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ-دە، بېلىق تۇتۇۋاتقان بىر ئاقىلدىن سوراپتۇ:

—نېمىشقا دۇنيادا ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا مېنى دېڭىز-ئوكياندىكى ئەڭ چوڭ ھايۋان دەپ قارايدۇ؟

—بۇ بەلكىم تېنىڭدە مۇستەھكەم ئۇستىخىنىڭنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك،—دەپتۇ ئاقىل ئويلانغان ھالدا.

بەدەن ھەرقانچە زور بولسىمۇ ئەمما ئۇ ناھايىتى ئاجىز ھەم يۇمشاق بولسا، يەنىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالمايدۇ.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار»نىڭ 2004-يىللىق 1-سانىدىن **داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى

**مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جاپا - مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ



ئادىل مىجىت (غەمخانە)

ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھرىدە ئارتور دېگەن ياش بىر ساقچى ئۆتكەن ئىكەن. بىر قېتىملىق قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە قارا نىيەتنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ سول كۆزى ۋە ئوڭ تىزىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئۈچ ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىققاندا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، قاملاشقان يىگىتلىكىدىن توكۇر ۋە قارىغۇ مېيىپكە ئايلىنىپتۇ.

نيۇ - يورك شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوردېن بېرىپتۇ. مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

— بۇ ھالىتىڭىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىسىز، — دەپ سورىغاندا ئۇ:

— مەن قارا نىيەتنىڭ تۇتۇلمىغىنىنى بىلىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئارتور باشقىلارنىڭ توسۇشىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا قارىماي، ھېلىقى قارا نىيەتنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپتۇ. ئامېرىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە بېرىپتۇ، ھەتتا بىر قېتىم ئەرزىمەس يىپ ئۇچى ئۈچۈن ياۋروپاغا بېرىپتۇ. ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالسىمۇ، چىن ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسىدىن قايتماي قارا نىيەتنى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. توققۇز يىلدىن كېيىن ھېلىقى قارا نىيەت ئاخىرى ئاسىيادىكى بىر كىچىك دۆلەتتە تۇتۇلۇپتۇ. ئارتور بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ھالقىلىق رول ئوينىغاچقا، ئۇ يەنە بىر قېتىم قەھرىمان بولۇپ ئامېرىكا بويىچە ئەڭ باتۇر ئادەم دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپتۇ.

ھاياتتا ھەرقانداق نېمە كەم بولسا، ئۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشتىن ۋە ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاپەتتۇر. ھايات جاپا - مۇشەققەت ۋە ئىشەنچتىن خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ. ھايات مۇساپىسىدە ئادەم خىلمۇخىل جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ۋە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار بولۇپ، خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان مۇشكۈلاتقا پېتىپ قالىدۇ. مۇنداق چاغدا «ئەمدى تۈگەشتىم» دېيىش ھەقىقىي ئاجىزلىقتۇر. چۈنكى غازاڭنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىغا قاراپ چېچەكنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىغا ئىنتىلىش ئۈچۈن ئۆلمەس ئىرادە، ئۈمىدۋار يۈرەك كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبى ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەس يۈكسەك ئىرادىنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلسا، شۇ كىشىگە ھەممىلا يەردىن گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن يول چىقىدۇ. جاپا - مۇشەققەت ۋە تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدىن ۋايسىماي ئۇنىڭ بىلەن سىرداش دوست

2004.2

بولۇپ، راھەت ـ پاراغەت سۈرۈش ۋە ھۇرۇنلۇق قىلىشنى تاشلاپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتكە دادىل يۈزلەنگەندىلا، ئاندىن ھايات مۇساپىسى شادلىق، ئەركىن، ئازادە بولىدۇ...

نۇرغۇن چاغلاردا ھايات ئادەمدىن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشنى، ئىشەنچنى مەڭگۈ ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئادەمنى ئىشەنچ تۇتۇپ تۇرغاندا، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن قەيسىرانە كۈرەش قىلىپ، ھاياتنىڭ چېكىگە يېتىپ بارالايدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار ھەرگىز قورقۇنچلۇق ئەمەس بەلكى ئۇ ھەرقانداق بىر ئىرادىلىك ئادەمنىڭ زەپەر قۇچۇشىدىكى ئەڭگۈشتەر بىسى يانماس ئۆتكۈر خەنجەر، قىلىنمۇ قىرىق يارىدىغان ئاپپالتىلار تەپتى يۇقىرى ئوت يالقۇنىدا تاۋلىنىپ، سەندەل بىلەن بولقا ئارىسىدا رۇسلىنىپ پۇتۇپ چىققان ئەمەسمۇ؟! ئىشەنچ — جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە پارلىداپ، ئىرادىلىك ۋە باتۇر كىشىلەرگە بەخت يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

كۆپىنچە ئادەم ئۆزىنىڭ قىسقىنا ئۆمرىدە جىسمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان زور كۈچ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالماي، بۇ دۇنيادىن نە ئىزناسىز، نام ـ ئاتاقسىز ۋە ئۈن ـ تىنىسىز كېتىپ قالىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە تۈرلۈك توسالغۇلار تارىختا ئۆتكەن ھەم ھازىر ياشاۋاتقان مەشھۇر شەخسلەرگە ئۆلمەس ئىشەنچ، سۇلماس ئىرادە ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانلار تارىخىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇشى، غالىبلار تەختى ۋە بەخت قورغىنىغا پاسىبان بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر ھەمىشە جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ۋە تۈرلۈك توسالغۇلارنى مەنىستمەي ئىشەنچ دۇلدۇلىغا مىنىپ باتۇرانە ئالغا باسىدۇ. تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ياشار كامال «گۆر ئوغلى» داستانىدا: «ئات ئىگىسىگە باقىدۇ. ئاتقا مىنگەن ئادەم جەسۇر بولسا، ئاتمۇ جەسۇر بولىدۇ، قورقۇنچاق بولسا ئاتمۇ قورقۇنچاق بولىدۇ، ئۈركىگەك بولسا، ئاتمۇ ئۈركىگەك بولىدۇ، قورقۇپ تىترىسە، ئاتمۇ تىترەيدۇ، خۇشال بولسا ئاتمۇ خۇشال بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئات بىلەن چەۋەندازنىڭ تەڭلا كۈچلۈك بولۇشى ئىنسانىي كامىللىقنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولسا، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ ئامىلى ئادەمنىڭ ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ يېقىن مەنزىلگاھىدۇر... چۈنكى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئىزتىقۇلارنى بايقاش ھەمدە ئىرپان مەنزىلىگە يېتىپ بېرىشىدىكى ئەقىل ۋە ئىدراكىدۇر. بىر مەشھۇر ئالىم: «بىر ئادەم ياكى قوۋم ئۆزى ھالقىيالمايدىغان قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئاندىن ئۆزىدىكى يېڭىلىقنى ۋە ئەسلىي ماھىيىتىنى بايقايدۇ» دېگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلىنىپ، ئىنسان بالىسى چىدىغۇسىز ئېزىلگەن، ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە جەبىر ـ زۇلۇملارنى چەككەن يەھۇدىي مىللىتى ھازىر ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك كەشپىيات، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تىجارەت دەستۇرى (ئىلمى) ۋە كىشىلىك ئالاقە مىزانلىرىنى دۇنيا خەلقىگە تەقدىم قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى ئويغىتىپ، قەلبىنى ئىشەنچ كەۋسىرى بىلەن سەگىتىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن بۇ مىللەتنى ئۇيۇل تاشقا ئايلاندۇردى ھەمدە دۇنيادىكى ئىلغار مىللەت قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپلا قالماي، بىرقىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلدى... ئورمانلىقتىكى قۇچاق يەتمەس چوڭ ـ چوڭ دەرەخلەر نۇرغۇن قېتىملىق بوران ـ چاپقۇن ۋە جۇت ـ جۇدۇنلاردىن غالىب كېلىپ، ئەنە شۇنداق مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىدى. بۈركۈت بالىسىمۇ كىچىكىدىن تارتىپ خىلمۇخىل خېيىمخەتەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى، ئوزۇقلۇق تېپىپ يەپ ھاياتىنى قامداشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن چىن ئىشەنچ بىلەن مۇستەقىل ياشاشقا ئاتلىنىدۇ. باشقىلار ۋە كۆپىنچە كىشىلەر كۆزگە ئىلمىغان، تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ۋە نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن، جەمئىيەت رىقابىتى تەرىپىدىن تولا «پەشۋا» يەپ، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىشەنچ مەشئىلىگە ئوت ياققان ياشلار كەلگۈسى مىسلىسىز نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۆلمەس ئىختىرالارنى رويابقا چىقىرىپ، تارىخ سەھنىسىدە «تۆرى»دىن ئورۇن ئالىدۇ ھەمدە كۆكسىگە شەرەپ مېدالى تاقايدۇ.

ئەكسىچە كىچىكىدىن راھەت ـ پاراغەت تۇرمۇش، قۇلاي شارائىتتا ياشاپ «بۆرەك ئىچىدىكى ياغ»دەك كۈن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئاخىرى بېرىپ، قىممەتلىك ھاياتىنى ئەپسۇسلۇق بىلەن مەنىسىز ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، «تەبىئەت ئادەمگە بىر قىيىنچىلىق ئاتا قىلسا، ئەقىل بۇلىقىغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىشەنچ ئۈنچىسى قوشىدۇ».

ئالماس ئىنتايىن مۇستەھكەم ھەم چىداملىقلىقى بىلەن ئىنسانلار دۇنياسىدا ئۆز قىممىتىنى ھەسسىلەپ نامايان قىلدى. شۇنداق تاشنى تاشقا ئۇرمىغان بولسا ئوت ئۇچقۇنى ئۇچقۇندىمىغان، جاپا ـ مۇشەققەت، تۈرلۈك توسالغۇ، جەبىر ـ زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولمىغان بولسا ئىنسان روھى ئۇرغۇپ، ھايات يالقۇنى ئىشەنچ «ئوچىقى»دا يالقۇنجىمىغان بولاتتى. يىقىلغان ئادەم مەغلۇپ بولغان سانالمايدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمىگەن، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەم مەغلۇپ بولغان ئادەمدۇر؛ ئۇيغۇرلاردا «بوسۇغا داۋان» دەيدىغان گەپ بار، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن غالىب كېلىپ، ئىشەنچنى مەڭگۈ بار قىلىش ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېگىز داۋاندۇر... دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىم، يازغۇچى ۋە ئاتاقلىق ئەربابلار ئادەم ئويلاپ يەتكۈسىز جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئىشەنچ كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنى ئارقىلىق ياراتقان ئۆچمەس ۋە ئۆچمەس پارلاق نەتىجىلىرىنى دۇنيا خەلقىگە تەقدىم قىلدى. ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئىدىسۇن شۇنداق نامرات، ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتىمۇ ئىشەنچىنى يوقاتماي، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ھايات يولىدىن بىرمۇبىر سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاخىرى ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك «يورۇقلۇق» ئېلىپ كەلدى؛ مېڭىردان ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ دۇنياغا تونۇلدى؛ مۇزىكا پىرى بىتخوۋىن ئىككى قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالسىمۇ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھەر خىل توسالغۇلارغا ئوت ئېچىپ، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان دۇنياۋى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. بىر مەشھۇر يازغۇچى: «تىرىشمۇ كۆپ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ماڭا يېتىپ كېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. ياش دوست، جاپا ـ مۇشەققەت، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقماڭ! چۈنكى ئۇ ئىشەنچىڭىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئىرادىڭىزنى چىڭىتىپ ئىقبال يولىغا باشلايدۇ، شۇنداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ بىزنىڭ شەپقەتچىمىز ۋە نىجادكارىمىز.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

### ئوخشاش ياشتا

بىر ياشانغان ئادەم دوختۇرغا ئېيتتى:

ــ ئوڭ پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ.

ــ بۇ ياش چوڭايغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئاغرىق، ــ دېدى دوختۇر.

ــ مېنىڭ سول پۇتۇممۇ ئوخشاش ياشتا، نېمىشقا ئاغرىمايدۇ؟

### دەم ئېلىشقا بېرىش

ئايالى: ــ مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بالىنى ئاپامنىڭكىگە، مۈشۈكنى ئاچامنىڭكىگە، ئىتنى ئاكامنىڭكىگە، توخۇنى دادامنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويادىلى. سىزچە قانداق؟ ئەمدىغۇ بىز ئىككىمىز خاتىرجەم دەم ئېلىشقا بارارمىز؟

ئېرى: ــ شۇنداقمۇ؟ سىزچە مۇنداق قىلساق قانداق؟ بەربىر ئۆي مۇنداق جىمجىت قالغاندىكىن، ئۇنچىۋالا ئورۇنسىز پۇل خەجلەپ نېمە قىلىمىز، دەم ئېلىشنى بىراقلا ئۆيدىلا ئۆتكۈزمەيمىزمۇ؟

### قانداق گۇۋاھچى بولۇش

سوتچى:

ــ گۇۋاھچى بولغاندا پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەننىلا دېيىشكە بولىدۇ، باشقىلاردىن ئاڭلىغاننى دېيىشكە بولمايدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

ــ چۈشەندىم سوتچى ئەپەندىم ــ دېدى گۇۋاھچى.

سوتچى:

ــ ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىڭ. ئالدى بىلەن تۇغۇلغان يېرىڭىز ۋە يىل، ئاي، كۈنلەرنى دەڭ.

گۇۋاھچى:

ــ سوتچى ئەپەندىم مەن جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز!!!



# قەشقەرگە سەپەر

ئالبېرت. فون. لېكوك (گېرمانىيە)

*ئالبېرت فون لېكوك (1860 _ 1930) گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ. 1860 _ يىلى بېرلىندا باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا رۇسام بىلەن تۈركىيىدە ساماتاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشىغا قاتناشقان. 1900 _ يىلى بېرلىندىكى خەلق ئۆرپ _ ئادىتى مۇزېيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە تۈرك تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆگەنگەن. 1902 _ يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى _ كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ «ئىدىقۇت»، «مەركىزىي ئاسىيادىكى قېزىلمىلار خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.*

*مەزكۇر ماقالە جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 2002 _ يىلى 1 _ ئايدا نەشر قىلغان لېكوكنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى*

مەن مالىيىم مىراپ بىلەن بىللە ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 3 تە ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدىم، 14 كۈنلۈك يولنى توققۇز كۈندە تۈگەتتۇق.

مىراپ كۆپنى كۆرگەن بولۇپ، قوشاق _ تەمسىللىرى زادىلا تۈگىمەيتتى، شۇنداقلا قىزىقچى ئىدى. مەن يول ئۈستىدە ئازراق نەرسە ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە، ھەر كۈنى كەچتە ئۇنى كۈندۈزى ئېيتقان تەمسىل _ ھېكايىلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن قايتا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتۇم. ھەمىشە مەن يېتىپ بولغان، ئۇمۇ كارىۋىتىمنىڭ پەس تەرىپىدە يەرگە ئورۇن سېلىپ بولغاندا، ئۇ توساتتىن پىخىلداپ كۈلۈپ: «ئەپەندى، يەنە بىرسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى» دەيتتى _ دە، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن قەلەمنى ئېلىپ ماڭا سۇناتتى، بۇنىڭ بىلەن تەمسىللەر قامۇسىدا تۈركچە «ۋوكس پوپۇلى» ① دىن بىرى كۆپىيەتتى.

يول ئۈستىدە ئېتىمنىڭ تۇيىقىغا تاش كىرىۋېلىپ ئاقساپ قالدى. مىراپ مەخپىي رېتسىپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يول بويىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قەلەندەردىن بىر كوي پۇلغا پىت سېتىۋېلىپ، ئاتنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويىدى. شۇنىسى ئاجايىپكى، ئاتنىڭ تۇيىقىدىكى تاشنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىم ئاقسىمىدى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئات دۈمبىسىدىكى يېغىرنى داۋالاشتىمۇ ئاجايىپ چارىسى بار ئىكەن. ئۇلار يېغىرغا يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى سۈركەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېغىر سىرلىق يوسۇندا ساقىيىپ كېتىدىكەن! بۇنىڭدا چوقۇم بالا سۈيدۈكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىشلىتىش كېرەك ئىكەن. يول ئۈستىدە بىز بېرلىندىن ئالغاچ كەلگەن ئالىي دەرىجىلىك ئەنگلىيە ئېگەرنىڭ قاردىغاندا تۈركىيە ئېگەرنىڭ ئات دۈمبىسىنى يېغىر قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكى ناھايىتى تېزلا ئىسپاتلاندى.

بىز توختىماي يول يۈرۈپ، 15 _ ئۆكتەبىردىن بۇرۇن قەشقەرگە يېتىپ باردۇق، مەن گېرمانىيە ۋە



ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى ئې-لىپ، ئەنگلىيە كونسۇلى جورجى ماكارتنېي)نى يوقلاپ باردىم ھەم ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. بۇ مەزگىلدە بارتۇس بۇ جاينىڭ ناھايىتى ئاستا ماڭىدىغان ئىككى چاق-لىق ھارۋىسى بىلەن بارلىق يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئىچى كۆچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمىغانلىقتىن، بىزگە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا يېتىشۋالدى.

بىزنى تەقەززا قىلغىنى شۇكى، گرۈنۋېدېل 15 ـ ئۆك-تەبىر يېتىپ كېلەلمىدى، ھەتتا ئاي ئاخىرىغىچە قارىسى كۆرۈنمىدى. بىز ئۇنىڭ رۇسىيىگە قاراشلىق تۈركىستاندا يۈك ـ تاقلىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، يولدا ھايال بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىمىز بىراقلا سۇسلىشىپ كەتتى، شاجۇ مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلىش پۇر-سىتىنى بىھۇدە قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىزدىن قاتتىق ئېچىندۇق.

ۋەھالەنكى، ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەي بولمايتتى. جاپالىق قېزىش ۋە يول ئازاب-ىدىن كېيىن، ياۋروپاچە ئۆيدە دەم ئېلىش ھەقىقەتەن ناھا-يىتى راھەت ئىش ئىدى.

بىراق، ئالدى بىلەن مەدەنىي تۇرمۇشقا قايتىدىن ماسلىششىمىزغا توغرا كەلدى. ماكارتنېي خانىم مېنى ئېنگلىزچە كارىۋات قويۇلغان، ئازادە بېزەلگەن ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، جەننەتكە كىرگەندەك تۇيغۇغا كەلدىم. بىراق، كارىۋاتتا بىردەم ياتقاندىن كېيىن دېمىم سىقىلىپ كەتتى. كېيىن يەنىلا بىر پارچە كىگىزنى كۆتۈرۈپ سىرتتىكى بالكونغا چىقىپ ئورۇن سېلىپ، ئىگەرنى ياستۇق قىلىپ، جۇۋىنى يېپىنىپ ياتتىم. شۇنداق قىلىپ بۇ كىچىك ئۆيگە خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاران كۆندۈم.

بىز قەشقەردە پروفېسسور گرۈنۋېدېلنى مانا مۇشۇنداق كۈتتۇق. ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ھاردۇقىمىز خېلى چىقىپ قالدى، بىراق گ-رونۋېدېلنىڭ كېچىكىشى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىراپنىڭ ھېكايە ـ -تەمسىللىرىنى بىر قۇر رەتلىگەندىن كېيىن گېرمانچىغا تەر-جىمە قىلدىم. بۇ كىتابنى كېيىنچە تېئۇبنېر نەشرىياتى لېيپ-زىگدا «تۇرپان قوشاق ـ تەمسىللىرى» دېگەن نامدا نەشر

قىلدى. ئۇنىڭدىكى بەزى تەمسىللەر ئافغانىستانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رىۋايەت، ھېكايىلەرمۇ ئافغانىستان ۋە پەنجاپنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئەسلىدىلا بىر تۇتاش بولغان بۇ ئۈچ رايوندا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز ئاتۇشنىڭ يېنىدىكى ئۈچبۇرھان قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئۈچ جايىدىكى تاشكېمىرنى قازماقچى بولدۇق. بۇ تاشكېمىرلار تىك ياردا بولۇپ، ئەسلىدە تاشكېمىر ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان ياغاچ يول بار ئىكەنتۇق، ئەمما ھازىر يوق ئىكەن. بارتۇس ئۆزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، تاشكېمىرگە كىردى. بىراق، تاشكېمىردە ئازراق پارچە ـ پۇرات تام رەسىملەر بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاختۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوتەي بىزنىڭ ئۇ يەرنى قېزىشىمىزغا قوشۇلمىدى، شۇڭا بۇ خارابىلىكنى قېزىش ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق.

1905 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر رۇسىيە چېگرىسىدىن قايتىپ كەلگەن پوچتىكەش گرۈنۋېدېلنىڭ ئەتىسى يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتۇق. دەرۋەقە كۈن قايرىلغان چاغدا، ئۇ پاكار قېرى ئاتقا مىنىپ، پىيادە ماڭغان سۇرئەتتە شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭغا تۆگە كارۋىنى ھەم پروفېسسور موللېرنىڭ ياردەمچىسى پېتېر ئەپەندى ھەمراھ بولۇپ كەپتۇ. پېتېر خەنزۇچىنى ئازراق بىلگەچكە، گرۈنۋېدېل ئۇنى ھەمراھلىققا تاللىغانىكەن. يامان يېرى گرۈنۋېدېل ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى خېلى ئېغىر ئىكەن، شۇڭا ئامالسىز قەشقەردە ئۈچ ھەپتە ئارتۇق تۇردۇق. گرۈنۋېدېلنىڭ ھالىدىن شۋېتسىيىلىك مىسسيونېر خەۋەر ئالدى.

بىز مىلاد بايرىمىنى ماكارتنېيلار ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈپ، شۇ كۈنى كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. گرۈنۋېدېل ئېغىر كېسەل بولۇپ ئات مىنەلمىگەچكە، مەن سامان بېسىلغان ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى تېپىپ، سامانىنىڭ ئۈستىگە ماتروس سېلىپ، ئاپتاپ توسۇيدىغان لەمپە ياساپ، ئۇنى ھارۋىغا ياتقۇزدۇم. بىراق، ئۇ ياتقانسېرى بىئارام بولۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئېدىرلىقنى كېسىپ ئۆتكەن يولدىن ئۆتكەندە، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئېرىقلار كۆپ بولۇپ، ھارۋىنى بەك سىلكىۋېتەتتى ـ دە، ھارۋىنىڭ چاقى بىر يارد چوڭقۇرلۇقتىكى ئېرىققا چۈشەتتى (تەلىيىمىزگە ھارۋا



چاقىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى يارد كېلەتتى). ئالدى بىلەن ھارۋىنىڭ بىر چاقى «تاق!» قىلىپ ئېرىققا چۈشەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقىمۇ چۈشۈتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال بىر چاقى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقى ئېرىقتىن چىقاتتى. ھارۋىدىكى كىشى ئۇيان سىلكىنىپ، بۇيان سىلكىنىپ زادىلا ئارام ئالالمايتتى.

شۇڭلاشقا، يولىمىز زادىلا ئاۋۇمىدى، ھەر كۈنى گرۈنۋېدېل پېتېرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېرىم كېچىدە ياكى سائەت 1 دە يولغا چىقاتتى، بىز بولساق ئەتىگەن سائەت 4 لەرگىچە ئۇخلاپ ئاندىن يولغا چىقاتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا يېرىم يولدا ئۇلارغا يېتىشىۋالاتتۇق ـ دە، داۋاملىق مېڭىپ قونالغۇغا بېرىپ، ئوت قالاپ، غىزا تەييارلاپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتۇق.

يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئەترىتىمىز 8 ـ يانۋار مارالبېشىنىڭ يېنىدىكى تۇمشۇققا كەلدى، ئۇ يەردە ئۆتەڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بۇددا خارابىلىكىنى ئىزدىگەن بولساقمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ۋەھالەنكى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇنىڭدىن سەل كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن پروفېسسور پېللىئوت بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ يەرنى كەڭ دائىرىدە قېزىپ نۇرغۇن نەرسە تېپىپتۇ. ئۇ يەنە گانداراچە تاشكېمىرلەر تۈركۈمىنى بايقاپتۇ.

يول ئۈستىدە مالىيىم مىراپ كۆچانىڭ يېنىدىكى قىزىلغا يېقىن تاغلىق رايوندا ياۋروپالىقلار زادىلا ئاياغ بېسىپ باقمىغان بىرمۇنچە قەدىمىي تاشكېمىر بارلىقىنى، ئۇلارنى چەت بولغانلىقتىن، يەرلىك كىشىلەرمۇ ئانچە ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، ياپونىيىنىڭ ئوتانى كوزى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىتى 1902 ـ ياكى 1903 ـ يىلى ئۇ يەرنى قازغانىكەن، بىراق يەر تەۋرەپ كەتكەنلىكتىن، قورقۇپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بارتۇس بىلەن دەرھال يولغا چىقتىم. بىز بىر خەتەرلىك قاپچىغايدىن ئۆتۈپ، موزارت دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيالىقتا يۈزلىگەن تاشكېمىر بارلىقىنى كۆردۇق.



مەن يەرلىك بىر زېمىندارنىڭ بۇ يەردە ئىككى ئېغىزلىق كېسەك ئۆيى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى دەرھال ئىجارىگە ئالدىم، چۈنكى يەنە بىر يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ يولدا ئىكەنلىكى، بىر ئايغىچە ئاران بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

كېيىنكى سەپىرىمىزدە ئېغىزغا ئالغىدەك بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى. بىز كۆچاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى جوڭگولۇق ئەمەلدارنى يوقلاپ قۇمتۇراغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ ئەتراپىدا نۇرغۇن تاشكېمىر بار ئاۋات كەنت بولۇپ، بۇ تاشكېمىرلەر تۈركۈمى قۇمتۇرا مىڭئۆيى دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ يەردە ئىمامنىڭ ئۆيى ئەڭ ياخشى تۇرالغۇ ئىكەنلەكىنى بايقىدۇق. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، قۇم ئارىلاش چىققان شەرقىي شىمال شامىلى كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئەمما، بىز خىزمىتىمىزنى يەنىلا باشلىدۇق. تاشكېمىرلەر سۇيى ناھايىتى تېز ئاقىدىغان موزارت دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا بولۇپ، قىرغاق بويلاپ نۇرغۇن تاشكېمىرلەر تۈركۈمى بار ئىدى، ئارىسىدا يەنە چۆلدەرەپ قالغان ئەگرى ـ توقاي جىلغا ياتاتتى. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تاشكېمىر تىك قىيالىقتا قېزىلغان بولۇپ، دەريا يۈزىدىن خېلى ئېگىز ئىدى.

تاشكېمىردا ئۇزۇن لەخمە بولۇپ، دەريا تەرەپكە قارىتىلىپ نۇرغۇن دېرىزە ئېچىلغان، دېرىزىنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن سۇپا چىقىرىلغان. روشەنكى، ئىلگىرى راھىبلار بۇ سۇپىلاردا ئولتۇرۇپ، كەچقۇرۇنقى سالقىن شامالدا ھۇزۇرلانغاچ، كەچلىك شەپەقنى تاماشا قىلىشقان. لەخمىنىڭ يەنە بىر بېشى بۇت تەكچىسىگە تۇتاشقان، بۇت تەكچىسىنىڭ ياسالغان يىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغانلىقتىن، ئىلگىرىكى رەڭدار تۇرقىنى يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ يەرگە ئوغرى ۋە دەپىنە ـ دۇنيا ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەدىمى يەتكەن بولۇپ، ھازىر ئارزۇلىغىدەك ھېچنېمىسى قالماپتۇ.

دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سېرىق قۇم ئاستىدا قالغان بىر تاشكېمىرنى بايقىدۇق. ئۇ يەردىكى تام رەسىملەر ئوبدان ساقلىنىپ قاپتۇ. بىز بۇ يەردىن يەنە سان ـ ساناقسىز ھەيكەل، قولىيازما ۋە باشقا ئاسارەئەتىقىلەرنى بايقىدۇق.

بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ بەزىلىرى قىيا تاشلارنىڭ ئەچىگە قېزىلغان بولۇپ، مەن يېقىن ئېرىپ ئىنچىكە كۆزىتىپ،

تاشقا ئايلانغان شاخ ـ شۇمبا بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىدىن تاشقا ئايلانغان بىر پارچە سۆڭەكنى بايقىدىم، ئۇ سۆڭەكنى ئىكەك بىلەن ئىكەكلەپ ئاجرىتىۋېلىپ، بېرلىندىكى قەدىمىي جانلىقلار تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئەۋەتىپ بەردىم.

بىز ئىلگىرى تۇرپاندىكى تاشكېمىرلەردە بايقىغان تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۇركلەر دەۋرى (760 ـ يىلى)دە سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرغاندا قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ يىلى كونىراق (800 ـ يىلىدىن ئىلگىرى) ئىكەن، ئەنى چاغدا بۇ يەردە يەنىلا ئاردىئانلار ئولتۇراقلاشقان. بىراق، بۇ يەردىكى بەزى تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملىرىدىن جۇڭگو رەسساملىقىنىڭ تەسىرىنى بايقىغىلى بولاتتى.

بىز بۇ يەردە يەنە ھۆر قىز ۋە ياۋروپا پاسونىدا كىيىنگەن چەۋەندازلار رەسىمنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتۇق.

مەن كېيىنچە قىزىل مىڭئۆيى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ رەسىملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ رەسىملەرنىڭ سىزىلغان ۋاقتى بۇرۇنراق، بىراق جايلاشقان ئورنى چەترەك بولغانلىقتىن، ئۇلار خېلى ئوبدان ساقلانغان.

رەسىمدىكى شەخسلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە رەسساملىق ماھارىتىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش مەزگىلدىكى گېرمانلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، ھەر كۈنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى بولماي، خىزمەت قىلالمىدى، بىراق بۇددا كېمىرلىرىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، تام رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزىش، تەكشىلىك خەرىتىسى سىزىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بېرىلىپ كەتتى.

بىز قۇمتۇرادا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەر ئۇقمايدىغان تاشكېمىر تېپىش ئۈچۈن، كۇچا بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىغا ئۈزلۈكسىز ئادەم ئەۋەتىپ تۇردۇم.

يانۋارنىڭ باشلىرىدا ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۇچا بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى شايارغا باردىم. يول ئۈستىدە نۇرغۇن مەھەللە خارابىسىنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دىققەت قوزغايدىغىنى، «توققۇز بېشى» ئىكەن. ئۇ چوڭ بىر مەيدان بولۇپ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان، ئوتتۇرىسىدا قوراللىق ساقلىنىدىغان قوۋۇق بار ئىكەن. تام بىلەن قورشال بۇ دائىرە ھېچقانداق ئىمارەت خارابىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەي شورتاڭ بولغانلىقتىن ئۇ يەرنى قېزىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتىم.

بۇ يەردە كونا ئېرىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىكەن. ئۆستەڭدىن تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىغان كىچىك ئېرىقلارنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن.

بىز سۇ تەييارلاپ يولغا چىقتۇق، شۇنداقلا تاشكەنتتىن كەلگەن خالماتخان كۇچادا تۇرۇشلۇق فەرغانىلىق تۈرك) نىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شەرىپ ئىسىملىك بىر يول باشلىغۇچى ياللىدۇق. ئۇ بۇ يەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تازا شۆھرەتپەرەس ھەم نادان ئادەم بولۇپ، پو ئېتىشتىن باشقىنى ئۇقمايدىكەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ ناھايىتى تېزلا يولدىن ئېزىپ قالدۇق، بوراندا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، نىشاننى پەرق ئېتەلمىدۇق. ناۋادا ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تەڭرىتاغلىرىنى كۆرەتتۇق، تەڭرىتاغلىرى يولۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىك كومپاسى ئىدى. بىراق، قۇم بوراندا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانچۇق سائىتىمنىڭ زەنجىرىگە باغلىۋالغان كومپاسنى يوقىتىپ قويۇپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش بولدى.

بىز خېلى بىر مەزگىلگىچە بىر ئورۇننى چۆگىلەپ يۈرۈپتۇق، ئاخىرىدا ماليىم يۆنىلىشنى تېپىپ، بىزنى باياشاد توقسۇغا باشلاپ باردى. بىز ئۇ يەردىكى كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدە قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق، كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيى ئۇ يەردە ھەشەمەتلىك قورۇق ھېسابلىنىدىكەن.

يول ئۈستىدە پات ـ ئات ئاتتىن چۈشۈپ، يەردە نۇرغۇن ساپال پارچىسى، تاسما، پۇل، يا ئوقى دەستىسى، برونزا، مىس تامغا ھەم قوڭغۇراق بارلىقىنى كۆردۇم، لېكىن ھەممىسى چىرىپ كېتىپتۇ. بىز يەنە ياغاچ ئويما پارچىلىرى، ستوپا، كىچىك بۇت ۋە باشقا ئەۋلىيالار ھەيكىلى قاتارلىقلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن سۇنۇق

قازان پارچىسىنىمۇ ئۇچراتتۇق، بۇلار بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى چوڭ مەھەللە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

كەنت باشلىقىنىڭ قورۇسىدا بىرنەچچە ئېغىز پارىچە ئۆي بولۇپ، تاملىرىغا تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق بىلەن چىرايلىق رەسىملەر سىزىلغان، كاڭغا ئوت قالانغان بولۇپ، جانغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىسسىق تەپچىپ تۇراتتى. كارىۋاتقا تاۋار يوتقان ـ كۆرپە ۋە قىزىل كەشتىلەنگەن ياستۇق قويۇلغان. كەنت باشلىقىنىڭ ئىسمى ئەلى بولۇپ، خېلى سالاپەتلىك، تۆت خوتۇنى بار ئىكەن، ئۇلار بىزدەك چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا ئەجەبلىنىپ قارىسىمۇ، بۇ مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئەدەب ـ قائىدىسىدىن چەتنىمىدى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، كونا كەشتىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇلار دەرھال ناھايىتى نەپىس قۇتىلىرىدىن ئىنتايىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن كىمخاپتىن بىر مۇنچىنى ئېلىپ چىقتى. بۇلار ئەسلىدە بۇرۇنقى ئاياللار كىيىدىغان ئاق ئۇزۇن ئىشتانىنىڭ پۇشقىقىغا تۇتۇلغان ئىكەن. يەرلىك ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئادەتتە پاختا ياكى يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك ۋە ئىشتان كىيىدىكەن، ئىشتىنىنىڭ بېغىنى ئىشتانباغ بىلەن چىڭ چىگىۋالىدىكەن، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئاستىدا 16 دىيۇم كەڭلىكتىكى ئىشتان پۇشقى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئىشتىنى چىرايلىق كەشتىلىنىدىكەن، كەشتىگە قىزىل يىپنى كۆپرەك ئىشلىتىدىكەن. ئادەتتە ناھايىتى چىرايلىق گۈللەر كەشتىلىنىدىكەن. چۆرىسىگە گىرۋەك تۇتىلىدىكەن. ئۇزۇن كۆڭلەككىمۇ گۈل كەشتىلىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇترەڭ شايى كۆڭلەككە كۈمۈش يىپ بىلەن پالما يوپۇرمىقى كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئالاھىدە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىكەن. باشقا ئۇزۇن كۆڭلەكلەرگىمۇ ناھايىتى چىرايلىق گۈللەر كەشتىلەنگەن ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ كەشتىلەرنىڭ ھەممىسى پارىچە ئىكەن. بۇخارادىن پۈتكۈل ئافغانىستان ۋە پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغىچە، پۈتكۈل تۈركىستاندىن قۇمۇلغىچە بۇنداق كەشتە نۇسخىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەن بۇ ئاياللاردىن ھازىر ھېچكىم كىيمايدىغان گۈللۈك ئىشتيان بىر مۇنچىنى سېتىۋالدىم. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا سودا يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇنداق گۈللۈك كەشتە مودىدىن قاپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى روسىيىنىڭ تولىمۇ كۆرۈمسىز گۈللۈك چىتلىرى ئىگىلەپتۇ. مەن بىر ئايالنىڭ گۈللۈك چىتتىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا بىر پۈتلاپ تۇرغان بالىتچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن.

تۈرك ئاياللىرى قوڭغۇراقسىمان دوپپىنىڭ سېھرىي كۈچىنى شىمالىي ياۋروپا ھۆر پەرىلىرىدىنمۇ بۇرۇن بايقىغان. ئۇلار ھازىرقى ياۋروپا ئاياللىرىغا ئوخشاش، چاققان قۇلاقچا ياكى دۇخاۋا دوپپا كىيىدىكەن، ئۇزاقتىن بۇيان (50 ـ 60 يىل بولسا كېرەك) ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئالدى تەرىپىگە تىل چۈشۈرۈلگەن ئۆتۈك كىيىدىكەن. ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار بىزدەك پاشنىسىز ئاياغلارنىمۇ بېزەپ ئولتۇرماستىن، ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈكلىرىنىلا بېزەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى ناھايىتى ئېگىز ئىكەن، پاشنىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كۈمۈش مىخ مىخلىۋالىدىكەن. ئۇلار كۈمۈش مىخنىڭ باش تەرىپىنى ئېگىپ مىخلاپ، پاشنىغا زىننەت چىقىرىدىكەن.

مەن بۇ يەردە سېپىل بىلەن قورشالغان نۇرغۇن جايلارنى ئاختۇرۇپ باقتىم، بىراق ھەممەيەر زەيكەش بولغانلىقتىن، ئۇ يەرنى قېزىشتىن ۋاز كەچتىم. ئارقىدىن يېرى مۇنبەت شايارغا باردىم، ئۇ يەرگە بېرىشىمغا نۇرغۇن كىشى مېنى ئورىۋالدى، مەنچىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش ماڭا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى يەرلىك تۈركلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار مېنى پاكىز، ئەمما پاكار مېھمانخانىغا ياتقۇزدى، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنمىغانلىقتىن، شەخسىي مەخپىيەتلىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى ياتاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئېگىز بويلۇق بىر چوكان كىرىپ كەلدى، ئۇ ئاسما مايكىسىنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى دىدىكىنى ئەگەشتۈرگەن بولۇپ، تەمبۇر (بىر خىل چالغۇ)نى قۇچاقلىغىنىچە بىر نەرسىلەر دەپ غىڭشىيتتى، ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلاردىن نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپ، چەت ئەللىككە ھۈنەر كۆرسىتىشكە ئالدىرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم، مەن ئۇنىڭ بىر ھالقىسىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، سەل خاپا بولۇپ قالغان چوكاننى يولغا سالدىم.

شەرقىي تۈركلەر ئارىسىدا بۇنداق ئالاھىدە كەسىپ

باشقا كەسپلەرگە ئوخشاش ئومۇملاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا بۇنداق كەسىپتىكى ئاياللارنىڭ قوشاق ـ غەزەللىرى خېلى كەڭ تارقالغانىكەن.

بۇ پاھىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يۇۋاش ھۈنەرۋەن ۋە دېھقانلارغا تېگىشىۋالىدىكەن.

ئەپسۇسكى، مەن بۇ يەردىن ئاختۇرۇشقا بولغىدەك بىرەر خارابىلىك تاپالماي، قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مىراپمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ، كوچانىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى كىرىشنىڭ يېنىدىكى ئىككى جايدا ئىككى مۇھىم مەھەللە بارلىقىنى ئېيتتى، مەن كوچالىق بىر ئەمەلدارنىڭ ھەمراھلىقىدا كوچانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ستوپادىن ئۆتۈپ، 14 مىل يول يۈرگەندىن كېيىن، كىرىش كەنتىگە باردىم. بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بىر چۆلدە قالغان كەنتتە چوڭ بىر تاشكېمىرلەر توپى بار ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ يېرىمى توپىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. بۇ تاشكېمىر «سىم ـ سىم»، يەنى «كۈنجۈت» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ «مىڭ بىر كېچە»دىكى «ئەلى بابا بىلەن 40 قاراقچى» ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن!

ئارقىدىن يەنە كىرىشنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاچچىغلاق» (ئاچچىق سۇ يىغىلغان جاي دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان خارابىلىككە باردىم. بۇ يەردە تاشكېمىر كۆپ بولمىسىمۇ، قۇرغاق يەر بولغانلىقتىن، قېزىش قىممىتى يۇقىرى ئىكەن.

شۇڭا، كېيىنرەك مەن گرۇنۋېدېلنى سىم ـ سىم تاشكېمىرىگە باشلاپ كەلدىم، بىراق بۇ يەردە بىرقانچە كۈنلا خىزمەت قىلدۇق. 4 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاچچىغلاق خارابىسىنى كەڭ كۆلەمدە قېزىپتۇ. ئۇلار يەنە كوچا قەدىمىي شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر ستوپادىن نۇرغۇن نەرسە بايقاپتۇ. تۇرپان بوستانلىقىدىكى تۈركلەر مەزگىلىدە قېزىلغان تاشكېمىرلەردىكىگە ئوخشاش، ئاچچىغلاق خارابىسىدىكى تاشكېمىر كارىدورىنىڭ تېمىغىمۇ چوڭ بۇتلار سىزىلغانىكەن.

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**

---

ئىزاھ:

① ۋوكس پوپۇلى: (wox populi) ئەسلى لاتىنچە بولۇپ، مەنىسى—خەلقنىڭ ساداسى، ماقال ـ تەمسىل دېگەنلىكتۇر.



www.uyghurkitap.com





# يۇمۇرلار



2004 . 2

### ئەستايىدىل دەرۋازىۋەن

زاۋۇت باشلىقى يېڭى دەرۋازىۋەنگە ئېيتتى:

— دىققەت قىلىڭ، ئىشچىلار ھەرگىزمۇ مەھسۇلاتلىرىمىزنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتمىسۇن.

دەرۋازىۋەن ھەر كۈنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشچىلارنىڭ خۇرۇم سومكىلىرىنى تەكشۈرۈپ ھېچنېمىنى بايقىمىدى. بىر كۈنى دەرۋازىۋەن ھەيرانلىق بىلەن زاۋۇت باشلىقىدىن شۇنى سورىدى:

— بىزنىڭ زاۋۇت نېمە ئىشلەپ چىقىرىدۇ؟

— خۇرۇم سومكا، — دېدى زاۋۇت باشلىقى.

### بالدۇرلا پىلانلاپ قويۇش

بىر ئەر كىشى بىر كىچىك بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ساتىراشخانىغا كىردى. ئۇ چېچىنى ياستىپ بولۇپ بېشىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ چاچ ياستىدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن بىر يېشىل گالستۇك ئېلىپ، كەچتە كىيىدىغان كاستۇممىغا ماسلاشتۇرماقچى، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا قايتىپ كېلىمەن.

كىچىك بالىنىڭ چېچى ياسىلىپ بولاي دېدى. بىراق ھېلىقى ئەر كىشى تېخى كەلمەيۋاتاتتى. ساتىراش كىچىك بالىغا:

— قارىغاندا، دادىڭىز سىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ! — دېدى.

— ئۇ مېنىڭ دادام ئەمەس، — دېدى كىچىك بالا جاۋابەن، مەن ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، ئۇ كېلىپلا قولۇمدىن سۆرەپ، — ماڭ بالام ھەقسىز چاچ ياستىپ كېلەيلى، — دېگەن.

### نەيرەڭۋازلىق

تافۇ خوجايىنىدىن ئاچىسىنىڭ تويىغا قاتناشماقچى ئىكەنلىكىنى دەپ بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى.

خوجايىنى تافۇغا سىرتتا ئازراق ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى، ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن خوجايىن تافۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— سەن يالغان ئېيتىپسەن، مەن ھازىر ئاچاڭغا تېلېفون ئۇردۇم، ئۇ بىر يىل ئىلگىرىلا توي قىلىپ بولۇپتىكەن، — دېدى.

تافۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

- سىزنىڭ يالغان ئېيتىش ماھارىتىڭىز مېنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەن. مېنىڭ ئەزەلدىن ئاچام بولۇپ باققان ئەمەس.

توپلىغۇچى: كېرىم

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

# مەرھابا نورۇز

مەرھابا نورۇز





شۇغۇن كېچە، نورۇز كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
يار قوينىدا ياتقۇم كېلۇر.
شۇنە يار ۋەسلىدە،
سۇ بولۇپ ئاققۇم كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى
قارلىغاچ ـ تۇرنا جۈپ كېلۇر.
گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ،
يۇرتقا شادلىق ئەپ كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

بۇگۈن كەلدى بۇ نورۇز،
غۇنچە گۈلدەك ئېچىلىپ.
بېشىمىزغا ئالتۇندەك،
نۇر ـ ئاپتاپلار چېچىلىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كېلىپ بىزلەرگە،
يىل باھارى كەلتۈردى.
ئېتىزلارنى، باغلارنى،
خۇشاللىققا چۆمدۈردى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى ئالدىراپ،
پاقلارمۇ توي قىلدى.
توي ئۈستىگە توي ياساپ،
بوز تورغايمۇ توي قىلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى تولغىنىپ،
گىياھلارغا چۈلغىنىپ.
گىياھلارمۇ ئېچىلدى،
ياپراقلارغا بۇلغىنىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

خوشمۇ كەلدى بۇ نورۇز،
زەپ كەلتۈردى باھارنى.
ئەمدى بىزگە كەلتۈردى
كۆندۈرگىلى ناھارنى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

www.uyghurkitap.com



















پولات خوجا فوتوسى



www.uyghurkitap.com




# 美拉斯

# مىراس

主管：新疆维吾尔自治
区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》编辑部
（乌市友好南路22号文联14层）
电话：4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58—60
邮编：830001　定价：5.00元

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئە-
دەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130\ 1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60
باھاسى: 5.00 يۈەن